ھىكايەت: بىر پادشاھنىڭ ئالدىدا موللا دوپپاز دەپ مۇتايىبەچى مەزاھگۇي بار ئىدى. بىر كۈن پادشاھ ئايتتىكى، موللا دوپپازنى مەلزەم قىلادۇرغان كىشى تاپىڭلار، بۇنى سۆزدە سىندۇرسۇن دېدى. پادشاھ خا-دىملارى سالىم ئاتلىق بىر كىمەرسە تاپىپ، پادشاھ ھوزۇرىغە كەلتۈردىلەر. موللا دوپپاز ئۇل كۈن پادشاھ ھوزۇرىغا كەلمەدى. پادشاھ موللا دوپپازغا كىشى ئىبەردى. بارغان كىشى خاتۇنى ئاغرىق ئىكەن دەپ كەل-دى. بىر فۇرسەتدىن كېيىن موللا دوپپاز ئۆزى پادشاھ ھوزۇرىغا باردى. پادشاھ سورىدى: خاتۇنىڭىز ئاغ-رىق؟ موللا دوپپاز جەۋاب بەردى: خاتۇنۇم سالىمدۇر. پادشاھ ۋە ئەركانى دەۋلەت ھەممە كۈلدىلەر. ئۇل سا-لىم ئاتلىق كىمەرسە ئىزا تارتتى. بۇ شۇنداغ ئىش يامان ئىكەنكى، بەئزىلەر ئىزا بىلەن ئۆلۈپ كېتەر ئىكەنلەر.

تماشاه مجلسیدین اولیقی مشرب و بزم دورانکا کونکلانلارینینک سز
آرام راحت تاپماسلار چونکه مشرب بزم لارنی قدیم دین تاریخ پادشاهلار
امیرلار حاکم لار بیک لار و اغنیالار ارا سیدا استمرار و جاری بولوب دور
وا ایننکدین کچیکراک تماشاه مطایبه هزل مزاح گویلوق دور بو هم قدیم دین
شاهان ایران مجلس لاریده وهم مشرب لارده باردور. بو تماشاه عسل و هوا کا
اوخشایدور اولارینینک سوزلاری عمل لاری شیوکه ایکی آدم نی بر بیری بیلان
مطایبه قیلیشیب سوزلاشدورکانده هره لارنینک نشتری نینک زهرینی ایکی
کشی بر بریدین تتیدور اهل مجلس لار ایکوینینک سوزیدین کولوشوب قیقاسی
فلککا یتکوزادور سوزلاشکانلار بر بری نینک سوزیدین توغولغانیغه پشیمان

بولوب ایزا کلفت تارتارلار اهل مجلس لارگه بو ایش راحت مزه و ذائقه بولورلار
ایکی هزل گوی بر برینی کورگانده تجیشقاق تجیشغاندیک بر بریگه سوز تاشلایدور
اول وقت تجیشقاقه کوک تاش سیگاندیک اچیشتورا دورغان جواب
تاپقانده اهل مجلس خوشلوقدین آوازینی کوتاریب صدا بیلان کولوشورلار.

حکایت بر پادشاه نینگ الدیدا ملا دوپیاز دیب بر مطایبه چی مزاح گوی بار ایدی.
برکون پادشاه ایتی که ملا دوپیازنی ملزم قیلادورغان کشی تاپینگلار بونی سوزده
سیناورسون دیدی پادشاه خادم لاری سالم اتلیق بر کمرسه تاپیب پادشاه
حضورغه کلتوردیلار ملا دوپیاز اول کون پادشاه حضورغه کلمادی پادشاه
ملا دوپیازغه کشی ایباردی بارغان کشی خاتونی اغریق ایکان دیب کلدی
بر فرصت دین کین ملا دوپیاز اوزی پادشاه حضورغه باردی پادشاه سوردی
خاتونینگز اغریقمو ملا دوپیاز جواب بردی خاتونوم سالم مدور پادشاه و
ارکان دولت همه کولدیلار اول سالم اتلیق کمرسه ایزا تارتگلی بو شونداغ ایشی بولغان
ایکان که بعضی لار ایزا بیلان اولوب کتار ایکانلار.

## مەيمۇن ئويان تەماشاسى

مەيمۇن ئويناتادۇرغان كىشى قامچى بىلەن ھەلقە قىلىپ تۇتۇپ بەرسە، مەيمۇن ھەلقەدىن ئۆزىنى تەگ-دۈرمەي ئۆل تەرەفدىن بۇ تەرەفكە ئۆتەر ئىكەن، پاتاچىدىن دوراپ بىلىگە تاياقىنى قويۇپ ئۆرە ماڭار ئى-كەن. مىلتىق ئاتادۇرغاننى دوراپ بىرۇر ئىكەن. ئايىقنى ھەم ئۆرگەتۇر ئىكەن. ئايىق ئىگەسى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ چالىشار ئىكەن. سەھرا خەتمەلەردە ئون بەش ياشلىقلاردىن ئوتۇز ياشلىقلارغىچە جۆرە بولۇپ چا-لىشار ئىكەن. ئۇلار ئۆز ھەمتەڭلەرى بىلەن ئىككىدىن ـ ئىككىدىن ئوتراغا، مەيدانغا تۇشۇپ چالىشار

ئىكەن. قىش كۈنلەردە ئىت تالاشتۇرار ئىكەن ۋە قوچقار سوقاشتۇرار ئىكەن، كەكلىك سوقاشتۇرار ئە-كەن، خوراز سوقاشتۇرار ئىكەن. تاكالارنى كۆندۈرۈپ يىغاچقا چىقارىپ چۆرگۈلتۈرۈپ خەلقلەرگە سەلام قىلدۇرار ئىكەن. تولاراق پارپى كالتە ئادەملەر موللاقچى بولۇپ، موللاق ئاتىپ تەماشاھ قىلىپ بېرۈر ئە-كەن. ئۇلارنىڭ بەئزىلەرى پۇتى ئىگىزگە تىكلەپ قولى بىلەن مېڭىپ چاياندەك ماڭار ئىكەن. خىتاي خەل-قىنىڭ موللاقچىلارى ھەممە موللاقچىدىن ئۈستىدە ئىكەن. ئۇلار يىغاچدىن بىر چاڭزادەك ئىشىك قويۇپ ئىشكىنىڭ ئۇڭ سولىغا ئالتەدىن ئون ئىككى فاچاق باغلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ يالاڭغاچ بولۇپ ئىشىكدىن سۆڭگۈپ ئۆتەر ئىكەن. چوڭ خەتەرلىك ئىش ئىكەن. يەنە بىر قىسمى تەماشاھلاردىن چاڭچىلار بۇ ئويۇندا دورۇمۇچۇقلۇق قىلىپ، ھىكايە قىلىپ، ئۆتكەن ۋاقىئەنى دورار ئىكەن. يەنە بىر قىسمى تەماشاھ قوچاق ئويانى، ئەكسەر كېچە ئويۇن قىلۇر ئىكەن. ئەگەر كۈندۈز قىلار بولسا چەراغ ياندۇرۇپ ئويۇن قىلار ئە-كەن. قاراڭغۇ قىلىپ، چەراغ ياندۇرۇپ بىرمۇنچە سۈرەتلەرنى چىقارىپ، ئۇلارغا ھەرەكەت بېرىپ مىدىرلا-تىپ ماڭدۇرۇپ، قورچاقچى ئاغزىغا يىڭچىكە ئاۋاز چىقادۇرغان ئىسقۇت سالىپ، ئۆز يوشۇرۇنۇپ، يىڭچە-كە ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىپ ئويۇن قىلۇر ئىكەن. يەنە مەشرەب، بەزم، زىيافەت بىر تەرەفدىن بولار بىر مەئنىدۇر ۋە لېكىن تەفاۋۇتى شۇكى، مەشرەب دېگەندە نەغمە ـ نەۋا بولادۇر. بەزم دېگەندە نەغمە ـ نەۋا، شەراب، كەباب شۇنداغ نەرسەلەر ھەم بار. زىيافەت دېگەن مېھماندارچىلىق يا باغدا يا ئۆيدە بولادۇر. زىيا-فەت دېگەندە نەغمە، نەۋا، شەراب، كەباب ھېچ قايسىسى يوقدۇر. خاتۇنلار زىيافەتىدە نەغمە ـ نەۋا باردۇر. مەخسۇس كاشقەرداكى خاتۇنلار ئاراسىدا نەغنە ـ نەۋا باردۇر. موللالار، كاسىپلار ئاراسىداكى بەزم شۇكى، ئۇلار ئىچىدە ھۆنەرمەند سىنفلارى ئاراسىدا ھەرسىنىق ئىچىدە بىردىن ساھىب تەكبىر تىكلەگەندۇرلار. ئۇلار بەزم قىلار بولسا، ئۇلار كىتابخانلىق قىلادۇر. يېمەك ـ ئىچمەكنى كەڭرۇ قىلادۇر. ساھىب تەكبىر دېگەن ئادەم تۆردە ئولتۇرۇپ، ئەرەبىي كىتابلاردىن دەرس ئايتىپ بېرەدۇر. ياز كۈنلەردە باغلارغا چىقىپ كىتاب ئوقۇپ ئاز ـ ماز نەغمە ھەم قىلدۇرۇپ، نەماز ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ يانىپ كېلەدۇر. موللالارنىڭ مەجلىسىدە نەغمە ـ نەۋا، شەراب مۇتلەق يوق، بەلكى غەزەلخانلىق ھەم يوق. ئول سىنفلەر كىتابخانلىق بەھس ـ مۇنازىرە، مۇتالىئە قىلاشىپ ئولتۇرادۇر. يەنە بىر سىنىف ئەغنىيا سەۋداگەر مۇئتەبەرلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەزمى خاس يېمەك ـ ئىچمەكدۇر، ئاندىن باشقا ھېچ نەرسە يوقدۇر. ئۇلار ئاراسىدا تاماكۇ چە-كەرلەر، ئاندىن باشقا نەغمە ـ نەۋا، شەراب، كەباب مۇتلەقا يوقدۇر. يەنە بىر قىسمى ئارازىل، ئەۋباش، بە-باشلارنىڭ بەزمىدە بەڭ، شەراب، نەغمە ـ نەۋا، قىمار، جەلاپ پاسكىنا ئىشلارنى ئاشكارا قىلادۇرلار. ئۇلار بەزم ئىچىدە رەزم ھەم قىلاشادۇرلار.


میمون اویان تماشاسی میمون اوینатا دورغان کشی قاپجی نی حلقه قیلیب توتوب
برسه میمون حلقه دین اوزینی تکدورمای اول طرفدین بو طرفکا اوتار ایکان یناجیدین
دوراب بلیکا تیاقنی توتوب اورا مانکار ایکان ملینی آتا دورغان نی دوراب یورار ایکان
ایتنی هم اورکاتور ایکان ایت ایگاسی بیلان اوراپ توروب چالیشار ایکان
صحرا خیمه لارده اون بش یاشلیق لاردین اوتوز یاشلیق لارغچه جوره بولوب

چالیب را ایکان اولار اوز ہمتنینگ لاری بیلان ایکی دین اوتزاغه میدانغه توشوب
چالیشار ایکان قیش کونلارده ایت تالاشتورار ایکان دقوچقار سوقاشتورار
ایکان کککلیک سوقاشتورار ایکان خوراز سوقاشتورار ایکان تالالاری
کوندروب نیچاچه چیقاریب چورکولتوروب خلایق لار فه سلام قیلدورار ایکان
تولاراق باری کلته آدم لار ملاقچی بولوب ملاق اتیب تماشاه قیلیب بردر ایکان
اولارنینگ بعضی لاری پوتی ایکیزلا تیکلاب قولی بیلان مانکیب چیبان دیک مانکار
ایکان خطای خلق نینگ ملاقچیلاری ہم ملاقچیدین اوستاد ایکان اولار نیچاچه دین
بر چانکلا ادیک ایشیک قویوب ایشیک نینگ اونگ سولیغه الله دینی اون ایکی
قیاق یا غلاب یوکوروب کلیب یلانکلاچ بولوب ایشیک دینی سونکوب اوتار ایکان
چونک خطرلیک ایش ایکان یته برقسمی تماشاه لاردین چانکچیلا بو اویونداد دورومو قلوکی
قیلیب حکایه قیلیب اوتکان واقعه لی دورار ایکان یته برقسمی تماشاه قوچاق اویانی
اکثر کیچه اویون قیلور ایکان اگر کوندوز قیلار بولسه چراغ یاندوروب اویون قیلار
ایکان قرانکغو قیلیب چراغ یاندوروب برموجه صورت لارنی چیقاریب اولارغه
حرکت بریب مدیرلاتیب مانکدوروب قورچاقچی اغزیغه نیکیچکا آواز چیقادورغان
ایسقوت سالیب اوز یوشوروتوب نیکیچکا آواز بیلان گب قیلیب اویون
قیلور ایکان و یته مشرب بزم ضیافت بر طرفدین بولار بر معنیده دور ولیکن تفاوتی
شو که مشرب دیکانده نغمه نوا بولادور بزم دیکانده ہم نغمه نوا شراب کباب شونداغ
نرسه لار ہم بار ضیافت دیکان مهماندار چیلیق یا یا غدا و یا اودیده بولادور ضیافت

ویکانده نغمه نوا شراب کباب هیچ فارسیچه یوق دور خاتونلار ضیافتیدا نغمه نوا بار دور
مخصوص کانسقرداکی خاتونلار ارا سیدا نغمه نوا بار دور ملالار کاسیب لار ارا سیداکی
بزم شوکه اولار ایچیده بنر معتد صنف لاری ار اسیدا هر صنف ایچیده بری صاحب
تکبیر تیکلاکمان دورلار اولار بزم قیلار بولسه اولار کتاب خوانلیق قیلادور بیماک ایچماک
کنکو قیلادور صاحب تکبیر بیکان آدم ئوزدا اولتوروب عربی کتاب لار دین درس
ایتیب برادور پازکونلارده باغلارغه چیقیب کتاب اوقوب آز ماز نغمه هم قیلادور
نماز اوقوب دعا قیلیب یاتیب کلادور ملالارنینک بزم مجلسیدا نغمه نوا شراب مطلق
یوق بلکه غزل خوانلیق هم یوق اول صنفلار کتاب خوانلیق بحث مناظره مکالمه قیلکشیب
اولتورادور بیته بر صنف اغنیا سوداگر معتبرلار دور اولارنینک بزمی خاص بیماک ایچماک دور
اندین باشقه هیچ نرسه یوق دور اولار اراسیدا ئیماکچکارلار اندین باشقه نغمه نوا
شراب کباب مطلقا یوق دور بیته بر قسمی ارازل اوباشی بی باشی لارنینک بزمیده
بنک و شراب نغمه نوا قیمار جلاب پاسکنه ایشی لارنی آشکارا قیلادورلار اولار
بزم ایچیده رزم هم قیلاشادورلار

## ئوغلاق ئويانىنىڭ بەيانى

ئۆتكەن زەماندا باغداد ۋىلايەتىدە بىر پادىشاھ بار ئەردى. ئەسكەرلەرىگە پات ـ پات ئوغلاق تاشلاپ بېرىپ، ئوغلاق كەلتۈرگەن كىشىگە كۆپ ئىنئام بېرىۋر ئەردىلەر. ئەسكەرلەرنىڭ ئاراسىدا بالالارى تولا غەيرەتلىك بىر يىگىت بار ئەردى. ئول بىر كۈن خەيال قىلدىكى، مەندىن كەمرەك كىشىلەر پادىشاھدىن شۇنچە جىق ئىنئام ئالادۇر، ئەمما مەن ئاتىمنىڭ ئوساللىقىدىن ھەرقانچە قۇۋۋەتىم بولسا ھەم ئىنئام ماڭا تەگمەيدۇر دەپ خەفا بولۇپ، نەچچە مەرتەبە پادىشاھ ئوغلاق بەرگەن ۋەقتىدە ئويانغا بارمادى. ھەقەم سايەسى باي يالغۇز باردى. يەنە بىر مەرتەبە پادىشاھ ئوغلاق تاشلاغاندا، ھەقەم سايەسى تەييار بولۇپ، ئول كەمبەغەل يىگىتنى تەرغىب قىلىپ: «سىز ئوغلاق تارتقالى بارمايسىز؟» دەپ سورسا، «يۈز مەرتەبە بارسام

ئاتىم ئىشقا يارامايدۇر» دەپ جەۋاب بەردى. «ئانداغ بولسا، مەن ياخشى ئارغىماق ئاتىمنى بەھايى پاك بىرلە سىزگە بېرەي، پادشاھدىن ئىنئام ئالساڭىز قەرزىڭىزنى ئادا قىلىڭ» دەپ ئالا قاشقا ئارغىماق ئاتنى تۆرت يۈز سەر كۈمۈشكە بېرىپ بىرلە باردى. ئوغلاقچىلار يارىم كۈنغەچە ئوغلاق تارتىپ ھەممەسىنىڭ ئاتلارى ھېرىققاندا ئول غەيرەتلىك يىگىت ئارغىماق ئاتغا بىر تازيانە سوقۇپ، سەكرەتىپ ئوغلاقچىلاردىن ئۆتۈپ، ئوغلاقنى تارتىپ ئالىپ، تېگىگە باسىپ، مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ ئات يۈگۈرتۈپ بارىپ، پادشاھنىڭ ئورداسىغا تاشلادى. پادشاھ غەيرەتلىك يىگىتنىڭ ياخشى ئاتغا مىنىپ ئوغلاق كەلتۈرگەننى كۆرگەندە نىھايەت خوش بولۇپ، تۆرت يۈز سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى. ئول كۈمۈشنى بايغا ئېلتىپ بېرىپ قەرزىنى ئادا قىلغانىغا تولا خوش بولدىلار.

بۇ زەماندا بايلار توي قىلسا ئوغلاق تاشلاپ بېرەدۇر. ئوغلاق كەلتۈرگەن كىشىگە بىر تون يا بەش ـ ئالتە سەر پۇل بېرەدۇر. بەئزى ۋەقتلەردە يۇرتنىڭ يىگىتلەرى باراۋەت قىلىپ، پۇل چىقارىشىپ ئوغلاق ئالىپ ئوينايدۇر. كۆڭلى خاھلاغان بايلارغا ئالىپ بارىپ تاشلاسا، بىر ئوغلاق بېرەدۇر ياكى ئوغلاق ئورنىغا بىر رومال بېرەدۇرلار. مەيدانغا تاشلايدۇرغان ئوغلاق ياكى توپاق بولسا باشىنى تەندىن جۇدا قىلىپ، ئىچ يۇرۇشىنى ئالىپ ئاتىپ، قورساقىنى بالدۇرقىدەك تىكىپ قويۇپ تاشلايدۇر. ئوغلاقچىلار ئاتنىڭ ئۇزەڭگۈسىنىڭ ئوڭ تەرەفىنى ئۈزۈن، سول تەرەفىنى قىسقا قىلىپ، ئون ـ يىگىرمە ياكى ئوتۇز كىشى بىر بولۇپ مەسلەھەت بىرلە بىر توپ بولۇپ، بىرى ئوغلاقنى ئالسا قالغانلارى ئالدى ئارقاسىدىن جوغلاشىپ، غەيرىنى ياقىن كەلتۈرمەي، ياردەم بېرىپ ئات سۈرۈپ ئوغلاقنى تارتىپ ئوينايدۇر.


اوغلاق اویونی نینک بیانی

اوتکان زمانده بغداد ولایتیده بر پادشاه بار ایردی ...

بات بات اوغلاق تاشلاب بیریب اوغلاق کلتورکان کشی که کوب انعام بیرور

ایدیلار عسکرلاری نینک ارسیدا بالالاری تولا غیرت لیک بر یکیت بار ایردی

اول بر کون خیال قیلدی که منینک کیراک کشی لار پادشاه دین شونچه

جیق انعام الادور لکن من اطیم نینک اوصال لیقیدین هر قانچه قوتیم

بولسه هم انعام منکا تکمایدور دیب غصه بولوب نیچه مرتبه پادشاه اوغلاق

بیرکان وقتده اویینغه بارمادی ... بالغوز باردی نیچه بیر

مرتبه پادشاه اوغلاق تاشلاغانده ... طیار بولوب اول ... یکیت نی

ترغیب قیلیب سیز اوغلاق تارتقالی باروامسیز دیب سورسه یوز مرتبه
بارسام اطیم اینشقه باراوامدور دیب جواب بیروی اوراغ بولسه من بخششی
آرغاماق اطیم‌نی باماعی پاک بوله سیزکه بیرای پادشاه‌ییمن انعام السانکیزنی
قرضینکیزنی ادا قیلینک دیب الااقاشته آرغاماق اطی‌نی تورت یوز سر
کموش که بیریب بوله باردی اوغلاقچیلار بیریم کونغیچه اوغلاق تارتیب
همه سی نینک اطلاری حیریقانوا لول غیرت لیک یکت آرغاماق اطغه
مو تازیانه سوقوب سکراتیب اوغلاقچیلاردین اوتوب اوغلاق‌نی تارتیب الیب
تکی که بلسیب میدان‌نی بو لانعوروب اط یکورتوب بلیب پادشاه‌نینک
اوردواسیغه تاشلادی پادشاه غیرت لیک یکت نینک بخششی اطغه منیب
اوغلاق کلتورکانی‌نی کورکاندو نهایتی خوش بولوب تورت یوز سر کموش
انعام قیلدی اول کموش‌نی باریغه ایلتیب بیریب قرضینی ادا
قیلغانیغه تولا خوش بولدیلار .

بو زمانوا بای‌لار توی قیلسه اوغلاق تاشلاب بیرادور اوغلاق
کلتورکان کشی که بر تون باش الته سر پل بیرادور بعضی
وقت‌لارده یورت نینک یکت‌لاری باراوت قیلیب پول جیقاریشیب
اوغلاق الیب اویناب یدور کونکلی خواهلاغان بایلارغه الیب
باریب تاشلاسه بو اوغلاق بیرادور یاکه اوغلاق اورنیغه بو
روممال بیرادورلار میدانغه تاشلایدورغان اوغلاق یاکه توباق بولسه
باشی‌نی تنیدین جدا قیلیب ایچ بوروشی‌نی الیب اتیب قورساقی‌نی

بالدور میدیک تیکیب قویوب تاشلایدور اوغلانچیلار اطنینک اوزنکوسی نینک
اونک طرفیغه اونون سول طرفینی قیسقه قیلیب اون بیرجه
باله اوتوز کشی بیر بولوب مصلحت بیرله بیر توب بولوب میبیک
اوغلاقنی السه قالغانلاری الدی آرقاسیدین جوغلاشیب غیری نو
میقین کلتورهای یاردم بیریب اط سوروب اوغلاقنی تارتیب
اوینایدور

## داربازنىڭ بەيانى

دارباز دېگەن ئۆتكەن ۋەقتلەردىن تارتىپ دۇنيا يۈزىداكى ھەممە شەھرلەردە مەشھۇر بولغان بىر ھۇنەردۇر. بۇ ھۇنەرنى تولاراق ۋەقتلەردە پادشاھلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئاۋازى چىققان چوڭ بايلارنىڭ ئوغۇل ـ قىزلارىنىڭ تويلارىدا ئويناپ، ئىنئاملارنى ئالىپ ھەممە خەلققە ئاشكارا بولۇپدۇر. بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھرگە بىر دارباز كەلسە، ئەۋۋەل بارىپ شەھەرنىڭ ئۇلۇغىغا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجازە ئالماي ئويناـ يالمايدۇر. قاچانكى جەۋاب ئالماي ئويان قىلسا، داردىن يىقىلىپ ئۆلسە يا بىر جەدەل چىقسا، داباز گۇناھـ غا يېتىپ جەزا ئالادۇر.

بىر شەھەردە دار ئويناماق لازىم بولسا، كەڭرۈ بىر مەيدانغا ئۇزۇن خىر ـ يىغاچلاردىن ئىگىز بىر دار تەييار قىلغالى خاھلاسا، ئاڭا ئادەمنىڭ بىلەكىدەك چوڭ ۋە ئۇزۇن تۆرت ئارغامچى لازىم بولادۇر. ئۈچى بەرابەر، بىر ئۈچىدىن بىر مەرتەبە ئۇزۇن قىلىپ بەرپا قىلادۇر. ماڭادۇرغان ھەممەدىن ئۇزۇن ئارغامچىغا ئىككى چىلمەك بەركىتىپ يىڭچكەرەك ئارغامچىلار بىرلە ھەر تەرەفدىن تارتىپ تۇرادۇر. دارنىڭ تۆپەـ سىگە تەخت پارە بەركىتىپ، تەگىدەكى توغرا يىغاچقا بىر يانغا بىر يەنە بىر يانغا ئىككى چىغرىق ئاتىپ ئاسىپ قويادۇر. دارباز ئۆزىنى راستلاپ ئارغامچىغە قەدەم قويادۇرغان چاغدا، قولىغا تەڭشەك ئالىپ ماڭاـ دۇر. تەڭشەكنىڭ ئۇزۇنلىقىنى تەخمىنەن تۆرت غۇلاچ يىڭچكى بادارادىن قىلىپ، ئىككى باشىغا ئىككى جىڭدىن قۇمنى لاتاغا ئالىپ باغلاپ ئارغامچىنىڭ تۆپەسىدە ئويناپ ماڭادۇر. تەختپارەگە يېتىپ كەلگەندە تەڭشەكنى پەستكە تاشلاپ ئېتىپ ئۆزى تەختپارەگە چىقىپ ئىككى رەكئەت نەماز ئوقۇپ، خۇدايى بىھەمەـ تاغا مۇناجات بىدەرگاھى قازىيۇل ھاجات قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىنچ ـ ئامان، سىھھەتۇ سەلامەتلىك بىرلە ئويناپ تۈششلەرگە تەلەپ قىلىپ، ئويىندىن تۇرۇپ چىغرىقغا تۇشۇپ، تەمام ئويانلارنى بىردىن ـ بىرـ دىن ئويناپ كۆرسەتىپ، يەنە يانچىپ تەختپارەگە چىقىپ، بىر ئارغامچىدىن سىيىرىلىپ يەرگە تۈشەـ دۇرلار.

## دار بازنینک بیانی

دار باز دیکان اوتکان وقتلاردین تارتیب دنیا یوزیداکی همه
شهرلارده مشهور بولغان بر هنر دور بو هنرنی تولاراق وقتلارده بادشاه
لارنینک الوبوا و آوازی چیقان چونک بای لارنینک اوغول قیزلاری
نینک توی لاریوا اوینااب انعاملارینی الیب همه خلقغه اشکارا
بولوب دور بر شهردین ینه بر شهرکه بر دار باز کلسه اول باریب
شهرنینک اولوغیغه کورونوش قیلیب ایجازه الهای اوینایالمایدور
قیجانکه جواب الهای اویان قیلسه داردین ییقیلیب اولسه
یا بر جول چیقسه دار باز کناهغه بتیب جزا الادور.
بر شهرده دار اویناماق لازم بولسه کنکرو بر میدانغه
اوزون خار یغاچلاردین ایکنی بر دار طیار قیلغالی خواهلاسه
انکا آدمنینک بیلاکیدیک چونک و اوزون تورت آرغامچی لازم بولادور
اوچی برابر بری اوچی دین بر مرتبه اوزون قیلیب مرپا قیلادور
منکادورغان همه دین اوزون آرغامچیغه ایکی چیلماک برکیتیب
بنکیپکیراک آرغامچیلار بیله هر طرفدین تارتیب توررادور دارنینک

تۆبەسیکا تخت پارە برکیتیپ تکیداکی توغرا یغاچغە بر یانغە
بر بنە بر یانغە ایکی چیغریق اتیپ اسیپ قویادور دار باز
اوزی نی راستلاب آرغامچی غە بدو قویادورغان چاغدا قولیغە
تنکشاک الیب منکادور تنکشاک نینک اوزونلیقینی تخمینا تورت
غولاچ ینکیچکی پادارادین قیلیپ ایکی باشیغە ایکی چینک دین
قوم نی لاتاغە الیپ باغلاب آرغامچی نینک تۆبەسیدە اوینایب منکادور
تخت پارەکە یتیپ کلکاندە تنکشاکنی بیست کە تاشلاپ ایتیپ
اوزی تخت پارەکە چیقیپ ایکی رکعت نماز اوقوب خدایی
تعالیغە مناجات برکاهی قاضی الحاجات قیلیپ اوزی نینک
تنج امان سیهت سلامت لیک لاریغە (برلە) اوینایپ توشیشلاری کە
طلب قیلیپ اوینیدین تورب چیغریقغە توشوپ تمام اوینالاری نی
بر بیر اوینایب کورساتیپ ینە یانیپ تخت پارەکە چیقیپ
بر آرغامچی دین سیریلیپ یرکە توشادورلار

## نەيرەڭ (نەئرەڭ) بازنىڭ بەيانى

نەئرەڭباز دېگەن بىر نەچە قىسىم خەلق ئاراسىدا مەشھۇر بولغان ھۈنەردۇر. بۇ ھۈنەردىن بەئزىلەرنى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ بازارلاردا يۈرۈپ ۋائىزلىق قىلادۇرغان مۇللالارى ئادەم يىغماق ئۈچۈن ئوينايدۇر. تولا-راقنى باشقا ئىقلىمدىن چىققان ئويانچىلار شەھەردىن شەھەرگە يۈرۈپ ئويناپ ھەممەگە مەئلۇم بولۇپدۇر.

توپبازلىق دېگەن بىر قىسىم ئويان بار. بۇ ئويانى ئويناماق لازىم بولسا، ئەچكۈنىڭ مۈڭگۈزىدىن ئەت-كەن كانىيى بار، ئانى ئالىپ چالسا، ئىچىدىن «بوب - بوب» دەپ ئاۋاز چىقادۇر. ئاۋاز ئاڭلاپ، تولا خەلقلار ئويان كۆرگەنى كېلەدۇر. ئادەم يىغىلغاندا، بىر نەچە مەرتەبە مۇئەللەق ئۆرۈپ ئاندىن بىر توپنى ھەۋا تەرەفىگە تاشلاپ ئول يانىپ كەلگۈنچە يەنە بىر توپنى تاشلاپ يەنە بىرىنى تۇتۇپ ئالىپ، يەنە بىر توپنى تاشلاپ ئەلاھازەل قىياس ئۈچۈن توپنى تاشلاپ بىر قولى بىلەن تۇتۇپ ئالىپ ئوينايدۇر.

يەنە بىر قىسىم چىنەبازلىق دېگەن ئويان بار. بۇ ئويۇننى بىجىندىن چىققان ئويۇنچىلار ھەممەدىن ئوبدان ئوينايدۇ. يىڭنىچكى بىر يىغاچنىڭ ئۇچىنى ئۇشلاپ چىنىنىڭ ياكى چىنى تەخسەنىڭ غىلدىلىكىگە يىغاچنىڭ ئۇچىنى توختىتىپ قىلدىرلىتىپ چۆرۈپ ئاسمانغا تاشلاپ يەنە تۇتۇپ ئالىپ يىغاچنىڭ ئۇچىغا توختىتىپ چۆرگۈلەتىپ قىسىم ـ قىسىم ئوينايدۇ.

يەنە بىر قىسىم خەنجەربازلىق دېگەن ئويان بار. بۇ ئويۇننى خاقان ئىقلىمىدىن چىققان ئويۇنچىلار ھەممەدىن ياخشى ئوينايدۇ. قىسقا خەنجەردىن ئالتەنى ھەۋاغا تاشلاپ بىر قول بىلەن تۇتۇپ ئالىپ ئوينايدۇ. ئۇزۇن خەنجەردىن بىرنى تەمام دەستەسىغىچە ئاغزىدىن قورساقىغا تىقىپ قويۇپ ئوينايدۇ. بەزىلىرى ياللاغاچ بولۇپ تەبەربازلىق قىلادۇر.

يەنە بىرقىسىم ئويانچى بار، ئانى سېھىرباز دەرلەر. بۇلار ئويان قىلسا، دەسلەپتە ئىككى ـ ئۈچ كىچىك بالىلار مۇئەللەق ئۇرۇپ ئالدى ـ ئارقاسىغا سەكرەپ ئويان قىلادۇر. ئاندىن چوڭلارى بىر ساندۇقدىن قىسىم ـ قىسىم نەرسەلەرنى چىقىرىپ ۋە ھەم ئاغزىدىن ھەر رەڭ كاغەز چىقارىپ پوجاڭ ئاتىپ، ئۇستا بولسا، ئاتەشبازلىق قىلىپ چىنەنىڭ ئىچىدىن تولا قىسىم نەرسەلەرنى چىقارىپ ئويان قىلادۇر. ئاندىن بىر ساندۇقغا ياكى كۆپىغا كىچىك بالالارنى سولاپ يوق قىلىپ يەنە توۋالاپ پەيدا قىلىپ ئوينايدۇر. بۇ ئويانلارنىڭ ھەممەسىنى نەئرەڭباز دەرلەر.

يەنە بىر قىسىم يىلانباز دېگەن ئويان بار، خەلق ئانى يىلانچى دەرلەر. بىر ساندۇقغا تەخمىنەن يىگرمە چوڭ ـ كىچىك يىلانلارنى سولاپ كۆتەرىپ يۈرۈپ يىلان ئويناتادۇر. يىلاننى ئويناتادۇرغان چاغدا مۆگۈزدىن ئەتكەن كانايىنى چېلىپ ئادەم يىغادۇر. ئاندىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچىپ، ئىككى يىلاننى تۇماقىغا سېلىپ باشىغا كېيىپ ئالسا، يىلانلار باشىنى چىقارىپ كۆش ـ كۆش دەپ بوينىغا يۆرگەشىپ تۇرادۇر. يەنە ئىككى يىلان ئىككى قولىغا ئالىپ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپتۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇيدۇر:

ئاندىن باردىم بازارىغا، لەزىن گۈل،
مۇندىن باردىم بازارىغا، لەزىن گۈل،
ئوغرىنى ئاستى دارىغا، لەزىن گۈل،
يامانلار كارىنى كۆردۈم، لەزىن گۈل.

دەپ يىلانلارنى ئويناتىپ خەلقلاردىن دۇئا قىلىپ پۇل تىلەيدۇر.


نیرانک (نعرنک) بازینک بیانی

نعرنک باز دیکان بر نیچه قسم خلق ارسیدا مشهور بولغان هنردور بو هنردین معضولاری نی مسلمان خلقلارینک بازارلارده یوروب واعیزلیق قیلادورغان مُلّالاری آدم یغناق اوچون اوینایدور تولاراقی نی باشقه اقلیمدین چیتّان اویانچیلار شهردین شهرکه یوروب اویناب همه‌که معلوم بولوب دور.

توپ بازلیق دیکان بر قسم اویان بار بو اویان نی اویناماق
لازم بولسه ایچکوننینک مونکوزیدین انگلان کانیی بار انی الیب چالسه
اینجیدین یوپ یوپ دیب آواز چیقادور آواز انکلاب تولا خلقلار
اویان کورکانی کیلادور آدم یغیلغانغا بر نیچه مرتبه معلّق اوروب
انوین بو توپ نی هوا طرفیکا تاشلاب اول یانیب کالکونیچه ینه
بو توپ نی تاشلاب ینه مونی توتوب الیب ینه بو توپ نی تاشلاب
علی هاذل قیاس اوچ توپ نی تاشلاب بر قولی بیلان توتوب
الیب اوینایدور.

ینه بر قسم چنه بازلیق دیکان اویان بار بو اویان نی
بیجین دین چیقّان اویانچیلار همه دین اوبدان اوینایدور
ینکلیچکی بر یغاچ نینک اوچی نی اوشلاب چینی نینک یاکه چینی
تخسه نینک غیلدیلیکی که یغاچ نینک اوچینی توختاتیب
هم قیلدیرلاتیب چوروب آسمانغه تاشلاب ینه توتوب الیب
یغاچ نینک اوچیغه توختاتیب جورکولاتیب قسم قسم اوینایدور

ینه بر قسم خنجر بازلیق دیکان اویان بار بو اویان نی خاقان
اقلیمی دین چیقّان اویانچیلار همه دین یخشی اوینایدور تیسته
خنجر دین التهنی هواغه تاشلاب بر قول بیلان توتوب الیب
اوینایدور اوزولی خنجر دین بونی تمام دسته سیغچه اغزیدین قوی
ساقیغه تیقیب قوروب اوینایدور بعضی لاری یلانکغاچ بولوب تیر
بازلیق قیلادور.

ینه بر قسم اویانچی بار انی ساحیر باز دلار بولار اویان
٢
قیلسه دسلابدا ایکی اوچ کیچیک بلالار معلّق اوروب الدی آرقاسیغه
اویان قیلادور انوین چونک لاری بر صاندوق دین قسم قسم نرسه لارنی ٢ سکرییب
چیقاریب و هم اغزیدین هر رنک کلغز چیقاریب یوجانک اتیب اوسته بولسه


آتش یاغلیق قیلیب چنه‌نینک ایچیدین تولا قسم نرسه‌لارنی چیقاریب
اویان قیلادور انوین بو صاندوقغه یالا کوب غه کیچیک بالالارنی
سولاب یوق قیلیب ینه تولاب پیدا قیلیب اوینایدور بو اویانلارنینک
همه‌سی‌نی نعزنک باز درلار.
ینه بر قسم یون بازدیکان اویان بار خلق انی بلانچی درلار
بر صاندوقغه تخمینا یگرمه چونک کیچیک بالالارنی سولاب کوتاریب
یوروب بالانی اوینانادور بالانی اویناتادورغان چاغدا مونکوزدین اکان
کانای‌نی چیلیب آدم ینغادور انوین صاندوقنینک اغزی‌نی اچیب
ایکی بالانی توماقیغه سلیب باشیغه کیپ السه بالالار
باشی‌نی چیقاریب کُش کُش دیب بوینیغه یورکاشیب توادور
ینه ایکی بالانی ایکی قولیغه الیب قوبوقیدین توتوب
توروب بو غزل‌نی اوقوبدور
انوی یاردم یازاریغه له‌زن گل — موندین یاردیم یازاریغه له‌زن گل
اوغری‌نی آستین واریغه له‌زن گل — یمانلار کاری‌نی کوردوم له‌زن گل
دیب بالالارنی اویناتیب خلق‌لاردین دعا قیلیب پل تیلادور

## يەشمىسى

تاماشا جۇملىسىدىن ئاۋۇالقىسى مەشرەپ ۋە بەزمىدۇر. ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغانلار ئۇنىڭسىز ئارام ۋە راھەت تاپالمايدۇ. چۈنكى، مەشرەپ، بەزمىلەر قەدىمدىن بۇيان پادىشاھلار، ئەمىرلەر، ھاكىم ـ بەگلەر ۋە بايلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك تاماشا بولسا قىزىقچىلىق ۋە ھەزىلكەشلىكتۇر. بۇمۇ قەدىمدىن تارتىپ پادىشاھلار، ئەمىرلەرنىڭ سورۇن ۋە مەشرەپلىرىدە بار ئىدى. بۇ تاماشا ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى شۇنداقكى، ئىككى ئادەمنى بىر ـ بىرى بىلەن قىزىقچىلىققا سالسا، ھەربىرەلىرىنىڭ نەشتىرىنىڭ زەھىرىنى ئىككى ئادەم بىردىن تېتىيدۇ. سورۇن ئەھلى ئىككىيلەننىڭ سۆزىدىن كۈلۈشۈپ، قىيقاس ـ چۇقاننى پەلەككە يەتكۈزىدۇ. سۆزلەشكەنلەر بىر ـ بىردىنىڭ سۆزىدىن تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قاتتىق ئىزا تارتىدۇ. سورۇن ئەھلىگە بۇ ئىش ئىنتايىن راھەت ۋە كۈلكە ئاتا قىلىدۇ. ئىككى ھەزىلكەش بىر ـ بىرىنى كۆرگەندە قىچىشقاق قىچىشقاندەك ئۆزئارا سۆز تاشلىشىدۇ. بىرسىنىڭ سۆزىگە يەنە بىرسى قىچىشقاققا كۆك تاش سەپكەندەك ئېچىشتۇرىدىغان جا-

ۋاب تاپقاندا، سورۇن ئەھلى خۇشلۇقىدىن يۇقىرى ئاۋازدا كۈلۈشىدۇ.

ھېكايەت: بىر پادىشاھنىڭ قېشىدا موللا دوپپاز دەپ قىزىقچى، مەسخىرىۋاز بىرەيلەن بار ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ «موللا دوپپازنى زاڭلىق قىلىدىغان بىرەرسىنى تېپىڭلار، بۇنى سۆزدە سۇندۇرسۇن» دېدى. پادىشاھنىڭ خادىملىرى سالىم ئاتلىق بىرەيلەننى تېپىپ، پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈردى. موللا دوپپاز ئۇ كۈنى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلمىدى. پادىشاھ موللا دوپپازغا ئادەم ئەۋەتتى. بارغان ئادەم «خوتۇنى ئاغرىق ئىكەن» دەپ قايتىپ كەلدى. بىر پۇرسەتتىن كېيىن موللا دوپپاز ئۆزى پادىشاھ ھوزۇرىغا كەلدى. پادىشاھ: «خوتۇنىڭىز ئاغرىقمۇ» دەپ سورىدى. موللا دوپپاز: «خوتۇنۇم سالىم (ساق)» دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى كۈلدى. سالىم ئاتلىق ئۇ ئادەم قاتتىق ئىزا تارتتى. بۇ شۇنداق يامان ئىش ئىكەنكى، بەزىلەر ئىزادىن ئۆلۈپ كېتەتتى.

## مايمۇن ئويۇنىنىڭ تاماشىسى

مايمۇن ئويناتقۇچى قامچىنى ھالقا شەكلىدە تۇتۇپ بەرسە، مايمۇن ھالقىغا ئۆزىنى تەگدۈرمەي بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئۆتىدىكەن. پوتىچىنى دوراپ بېلىگە تاياقنى قويۇپ ئۆرە ماڭىدىكەن. مىلتىق ئاتقاننى دوراپ بېرىدىكەن. ئېيىقنىمۇ ئۆگىتىدىكەن. ئېيىق ئىگىسى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ چېلىشىدىكەن. سەھرا خەتمىلەردە ئون بەش ياشتىن ئوتتۇز ياشقىچە بولغانلار بىلەن جورا بولۇپ چېلىشىدىكەن. ئۇلار ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئىككىدىن ـ ئىككىدىن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ چېلىشىدىكەن. قىش كۈنلىرى ئىت تالاشتۇرىدىكەن، قوچقار سوقۇشتۇرىدىكەن، كەكلىك سوقۇشتۇرىدىكەن، خوراز سوقۇشتۇرىدىكەن. توكورلىرىنى كۆندۈرۈپ ياغاچقا چىقىرىپ، خەلققە سالام قىلدۇرىدىكەن. كۆپىنچە پاكار ئادەملەر موللاقچى بولۇپ، موللاق ئېتىپ تاماشا قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇتىنى ئېگىزگە قىلىپ قولى بىلەن چاياندەك ماڭىدىكەن. خەنزۇ خەلقىنىڭ موللاقچىلىرى ھەممە موللاقچىدىن يامان ئىكەن. ئۇلار ياغاچتىن دېرىزە چوڭلۇقىدا بىر ئىشىك قويۇپ، ئىشىكنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە ئالتىدىن ئون ئىككى پاچاق باغلاپ، يالىڭاچ بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەنچە ئىشىكتىن شۇڭغۇپ ئۆتىدىكەن. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىق ئىش ئىكەن. يەنە بىر خىل تاماشا چاڭچىلە بولۇپ، بۇ ئويۇن ئاساسلىقى دورامچىلىق قىلىپ ھېكايە سۆزلەپ، ئۆتكەن ۋەقەرلەنى دوراپ بېرىدىكەن. يەنە بىر خىل تاماشا قورچاق ئويۇنى بولۇپ، ئۇنى ئەكسىچە كېچىدە ئوينايدىكەن. ئەگەر كۈندۈز قىلسا، چىراغ ياندۇرۇپ ئوينايدىكەن. قاراڭغۇدا چىراغ ياندۇرۇپ بىرمۇنچە سۈرەتلەرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ھەرىكەت بېرىپ مىدىرلىتىپ ماڭدۇرۇپ، قورچاقچى ئاغزىغا ئىنچىكە ئاۋاز چىقىرىدىغان پۇشتەك سېلىپ، ئۆزى بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ، ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىپ ئويۇن قىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەشرەپ، بەزم، زىياپەت بىرخىل شەكىلدە تاماشا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، مەشرەپتە نەغمە ـ ناۋا بولىدۇ. بەزمىدە بولسا نەغمە ـ ناۋا، شاراب، كاۋاپ قاتارلىق نەرسىلەر بولىدۇ. زىياپەت دېگەن بىر خىل مېھماندارچىلىق بولۇپ، ياكى باغدا، ياكى ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. زىياپەتتە نەغمە ـ ناۋا، شاراب، كاۋاپ قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى بولمايدۇ. ئاياللارنىڭ زىياپىتىدە نەغمە ـ ناۋا بولىدۇ. يەنە كېلىپ مەخسۇس قەشقەردىكى خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا نەغمە ـ ناۋا بار. مولللار، كاسىپلار ئارىسىدىكى بەزم شۇنداقكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەرۋەنلەردىن ھەربىر توپنىڭ ئارىسىدىن بىرسى تەكبىر ئىگىسى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇلار بەزم قىلماقچى بولسا، كىتابخانلىق بەزمىسى قىلىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكنى مول قىلىدۇ. تەكبىر ئىگىسى بولغان كىشى تۆردە ئولتۇرۇپ، ئەرەبچە كىتابلاردىن دەرس سۆزلەيدۇ. ياز كۈنلىرى باغلارغا چىقىپ كىتاب ئوقۇپ، ئاز ـ پاز نەغمە قىلىپ، ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ يېنىپ كېلىدۇ.

موللىلارنىڭ سورۇنىدا نەغمە - ناۋا، شاراب مۇتلەق بولمايدۇ. شۇنداقلا، غەزەلخانلىقمۇ بولمايدۇ. ئۇ خىل كىتابخانلىق بەس - مۇنازىرە شەكلىدە بولىدۇ. يەنە بىر خىلى باي - سودىگەرلەرنىڭ بەزمىسىدۇر. ئۇلارنىڭ بەزمىسى خاس يېمەك - ئىچمەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوقتۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاماكا چېكىدىغانلار، نەغمە - ناۋا، شارابقا ھېرىسمەنلەر مۇتلەق يوقتۇر. يەنە بىر خىللىرى جېدەلخور، ئۆز بېشىمچى، بەڭباشلارنىڭ بەزمىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزمىسىدە تاماكا، شاراب، نەغمە - ناۋا، قىمار، پاھىشە دېگەندەك ئەسكى ئىشلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزمىسىدە جېدەلمۇ بولىدۇ.

## ئوغلاق ئويۇنىنىڭ بايانى

ئۆتكەن زاماندا باغداد ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ئەسكەرلىرىگە پات - پات ئوغلاق تاشلاپ بېرىپ، ئوغلاق كەلتۈرگەن كىشىگە كۆپ ئىنئام بېرەتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلەرىنىڭ ئارىسىدا بالىسى كۆپ، ئىنتايىن غەيرەتلىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ بىر كۈنى شۇنداق خىيال قىلدىكى، «مەندىن تۆۋەن كىشىلەر پادىشاھتىن شۇنچە جىق ئىنئام ئالىدۇ، ئەمما مەن ئېتىمنىڭ ئوساللىقىدىن ھەرقانچە قۇۋۋەتىم بولسىمۇ، ئىنئام ماڭا تەگمەيدۇ» دەپ خاپا بولۇپ، نەچچە قېتىم پادىشاھ ئوغلاق بەرگەندە ئويۇنغا بارمىدى. باي قوشنىسى يالغۇز باردى. يەنە بىر قېتىم پادىشاھ ئوغلاق تاشلىغاندا، قوشنىسى تەييار بولۇپ، ئۇ كەمبەغەل يىگىتنى رىغبەتلەندۈرۈپ، «سىز ئوغلاق تارتقىلى بارمامسىز؟» دەپ سورىۋىدى، «يۈز قېتىم بارساممۇ ئېتىم ئىشقا يارىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. «ئۇنداق بولسا، مەن ياخشى ئارغىماق ئېتىمنى يۇقىرى باھادا سىزگە بېرەي، پادىشاھتىن ئىنئام ئالغىنىڭىزدا، قەرزىڭىزنى ئادا قىلىڭ» دەپ ئالا قاشقا ئارغىماق ئاتنى تۆت يۈز سەر كۈمۈشكە بېرىپ، ئۇ يىگىت بىلەن بىللە باردى. ئوغلاقچىلار يېرىم كۈنگىچە ئوغلاق تارتىپ ھەممىسىنىڭ ئاتلىرى ھارغاندا، ئۇ غەيرەتلىك يىگىت ئارغىماق ئاتقا بىر قامچا ئۇرۇپ سەكرىتىپ ئوغلاقچىلاردىن ئۆتۈپ ئوغلاقنى تارتىۋېلىپ، تېگىگە بېسىپ مەيداننى بىر ئايلاندۇرۇپ، ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا تاشلىدى. پادىشاھ غەيرەتلىك يىگىتنىڭ ياخشى ئېتىغا مىنىپ ئوغلاق كەلتۈرگىنىنى كۆرگەندە ناھايىتى خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆت يۈز سەر كۈمۈش ئىنئام قىلدى. يىگىت كۈمۈشنى بايغا ئاپىرىپ بېرىپ، قەرزىنى ئادا قىلغىنىدىن كۆڭلى خۇش بولدى.

بۇ زاماندا بايلار توي قىلسا، ئوغلاق تاشلاپ بېرىدۇ. ئوغلاق كەلتۈرگەن كىشىگە بىر تون ياكى بەش - ئالتە سەر پۇل بېرىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا يۇرتنىڭ يىگىتلىرى باراۋەت قىلىپ پۇل چىقىرىشىپ ئوغلاق ئېلىپ ئوينايدۇ. كۆڭلى خالىغان بايلارنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىسا، بىر ئوغلاق بېرىدۇ ياكى ئوغلاق ئورنىغا بىر رومال بېرىدۇ. مەيدانغا تاشلايدىغان ئوغلاق ياكى توپاق بولسا، بېشىنى تەندىن جۇدا قىلىپ، ئىچ - قارنىنى ئېلىۋېتىپ، قورسىقىنى بالدۇرقىدەك تىكىپ قويۇپ تاشلايدۇ. ئوغلاقچىلار ئاتنىڭ ئۇزەڭگىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئۇزۇن، سول تەرىپىنى قىسقا قىلىپ ئون - يىگىرمە ياكى ئوتتۇز كىشى بىر توپ بولۇپ، بىرسى ئوغلاقنى ئالسا، قالغانلىرى ئالدى - ئارقىسىدىن جۇغلىشىپ، باشقىلىرىنى يېقىن كەلتۈرمەي ياردەم بېرىپ، ئات سۈرۈپ ئوغلاقنى تارتىپ ئوينايدۇ.

## دارۋازنىڭ بايانى

دارۋاز دېگەن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن تارتىپ دۇنيا يۈزىدىكى ھەممە شەھەرلەردە مەشھۇر بولغان بىر ھۇ-

نەردۇر. بۇ ھۈنەرنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا ۋە نامدار چوڭ بايلارنىڭ ئوغۇل - قىزلى-
رىنىڭ تويلىرىدا ئويناپ، ئىنئاملىرىنى ئېلىپ ھەممە خەلققە ئاشكارا بولىدۇ. بىر شەھەردىن يەنە بىر
شەھەرگە بىر دارۋاز كەلسە، ئاۋۋال شەھەر ئۇلۇغىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجازەت ئالماي
ئوينىيالمايدۇ. قاچانكى شەھەر ئۇلۇغىدىن جاۋاب ئالماي ئويۇن قىلىپ داردىن يىقىلىپ ئۆلسە ياكى بىر
جېدەل چىقسا، دارۋازغا گۇناھ يېزىلىپ، جازاغا مۇپتىلا بولىدۇ.

بىر شەھەردە دار ئويناماقچى بولسا كەڭرى بىر مەيدانغا ئۇزۇن لىم ياغاچلاردىن ئېگىز بىر دار تەييار
قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ بىلىكىدەك چوڭ ۋە ئۇزۇن تۆت ئارغامچا لازىم بولىدۇ. ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى
تەڭ قىلىپ بىر ئۇچىدىن بىر مەرتىۋە ئۇزۇن قىلىپ ئورنىتىدۇ. داردا ماڭىدىغان ئۇزۇن ئارغامچىغا
ئىككى ئىلمەك بېكىتىپ، ئىنچىكە ئارغامچا بىلەن ھەر تەرەپكە تارتىپ تۇرىدۇ. دارنىڭ ئۈستىگە تەخت
ئورنىتىپ تېگىدىكى توغرا ياغاچنىڭ بىر يېنىغا ئىككى چىغرىق ئېسىپ قويىدۇ. دارۋاز ئۆزىنى راسلاپ
ئارغامچىغا قەدەم قويغاندا، قولىغا تەڭشەك ئېلىپ ماڭىدۇ. تەڭشەكنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تەخمىنەن تۆت
غۇلاچ كەلگۈدەك ئىنچىكە بادرىدىن ياساپ، ئىككى بېشىغا ئىككى جىڭدىن قۇمنى لاتىغا ئېلىپ باغلاپ،
ئارغامچىنىڭ ئۈستىدە ئويناپ ماڭىدۇ. تەختپارغا يېتىپ كەلگەندە، تەڭشەكنى پەسكە تاشلاپ ئۆزى تەخت-
پارغا چىقىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، تەڭدىشى يوق خۇداغا ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان مۇناجاتلارنى
ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ تىنچ - ئامان، ساق - سالامەت ھالدا ئويناپ چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ
چىغرىققا چۈشۈپ، ھەممە ئويۇنلارنى بىردىن - بىردىن ئويناپ كۆرسىتىپ، يەنە قايتىدىن تەختپارغا
چىقىپ، ئارغامچىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشىدۇ.

## نەيرەڭۋازنىڭ بايانى

نەيرەڭۋاز دېگەن بىرقانچە تۈردىن تەركىب تاپقان خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ھۈنەردۇر. بۇ ھۈنەر-
دىن بەزىلىرىنى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ بازارلىرىدا يۈرۈپ ۋائىزلىق قىلىدىغان موللىلىرى ئادەم يىغىش
ئۈچۈن ئوينايدۇ. كۆپىنچىسىنى باشقا ئىقلىمدىن چىققان ئويۇنچىلار شەھەردىن - شەھەرگە يۈرۈپ ئويناپ
ھەممىگە مەلۇم قىلىدۇ.

توپبازلىق دەيدىغان بىر خىل ئويۇن بار. بۇ ئويۇننى ئويناماقچى بولغان كىشىنىڭ ئۆچكىنىڭ مۈڭ-
گۈزىدىن قىلغان كانىيى بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ چالسا، ئىچىدىن «بوپ - بوپ» ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ ئاۋازنى
ئاڭلىغان كىشىلەر ئويۇن كۆرگىلى كېلىدۇ. ئادەم يىغىلغاندا، بىرنەچچە قېتىم موللاق ئېتىپ ئاندىن
بىر توپنى ھاۋاغا تاشلاپ، ئۇ يېنىپ كەلگۈچە يەنە بىر توپنى تاشلاپ، باشتىكى بىر توپنى تۇتۇپ ئېلىپ،
توپنى ئېگىز - پەس ئېتىپ يەنە تۇتۇپ ئوينايدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك چىنىۋازلىق دېگەن ئويۇن بار. بۇ ئويۇننى بېيجىڭدىن كەلگەن ئويۇنچىلار ھەممىدىن
ئوبدان ئوينايدۇ. ئىنچىكە بىر ياغاچنىڭ ئۇچىنى ئۇچلاپ، چىنىنىڭ ياكى چىنە - تەخسىنىڭ تېگىگە يا-
غاچنىڭ ئۇچىنى قويۇپ پىرقىرىتىپ چۆرۈپ ئاسمانغا تاشلاپ، يەنە تۇتۇۋېلىپ، ياغاچنىڭ ئۇچىغا توخ-
تىتىپ چۆرگىلىتىپ ھەرخىل شەكىلدە ئوينايدۇ.

خەنجەرۋازلىق دېگەن يەنە بىر خىل ئويۇن بار. بۇ ئويۇننى ئىچكىرىدىن چىققان ئويۇنچىلار ھەممىدىن
ياخشى ئوينايدۇ. قىسقا خەنجەردىن ئالتىنى ھاۋاغا تاشلاپ بىر قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئوينايدۇ. ئۇزۇن
خەنجەردىن بىرنى پۈتۈنلەي دەستىسىگىچە ئاغزىدىن قورسىقىغا تىقىپ ئوينايدۇ. بەزىلىرى يالىڭاچ بولۇپ

پالتا ئويۇنى قىلىدۇ.

يەنە بىر تۈرلۈك ئويۇنچىلار بار، ئۇنى سېھىرگەر دەيدۇ. بۇلار ئويۇن قىلسا، دەسلەپتە ئىككى ـ ئۈچ كىچىك بالا موللاق ئېتىپ، ئالدى ـ ئارقىسىغا سەكرەپ ئويۇن قىلىدۇ. ئاندىن چوڭلىرى بىر ساندۇقتىن خىلمۇخىل نەرسىلەرنى چىقىرىپ ۋە ئاغزىدىن ھەرخىل رەڭدىكى قەغەزلەرنى چىقىرىپ پىسىلداق ئې-تىپ، ئۇستا بولسا ئاتەشۋازلىق قىلىپ، چىنىنىڭ ئىچىدىن ھەرخىل نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئويۇن قى-لىدۇ. ئاندىن بىر ساندۇقتا ياكى كۈپكە كىچىك بالىلارنى سولاپ يوق قىلىپ يەنە تۇۋلاپ پەيدا قىلىپ ئوينايدۇ. بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىنى نەيرەڭۋاز دەيدۇ.

يەنە بىر خىل يىلانباز دېگەن ئويۇن بار بولۇپ، خەلق ئۇنى يىلانچى دەيدۇ. بىر ساندۇقتا تەخمىنەن يە-گىرمىدەك چوڭ ـ كىچىك يىلانلارنى سولاپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈپ يىلان ئوينىتىدۇ. يىلاننى ئوينىتىدىغان چاغ-دا، مۈڭگۈزدىن ياسىغان كانايىنى چېلىپ ئادەم يىغىدۇ. ئاندىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىككى يىلاننى تۇمىقىغا سېلىپ بېشىغا كىيىۋالسا، يىلانلار بېشىنى چىقىرىپ «كۆش، كۆش» قىلىپ بويىنىغا يۆگىشىپ تۇرىدۇ. يەنە ئىككى يىلاننى ئىككى قولىغا ئېلىپ قويرۇقىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇيدۇ:

ئاندىن باردىم بازارىغا لەزن گۈل،
مۇندىن باردىم بازارىغا لەزن گۈل،
ئوغرىنى ئاستى دارىغا لەزن گۈل،
يامانلار كارىنى كۆردۈم لەزن گۈل.

دەپ يىلانلارنى ئوينىتىپ كىشىلەرگە دۇئا قىلىپ پۇل تىلەيدۇ.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىدە)

# ئۆزاق ئۆتمۈش زاماندىن سۆز

مەھمۇد زەيدى

كىم ئىزگۈ تىلىسە، ئېغىر يۈك يۈدەر،
ئېغىر يۈك يۈدىگەن تىلەككە يېتەر.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

تارىختىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن تەقدىرداش بولغان ئەدەبىيات ئۆز نۆۋىتىدە دەۋر يۈكلىگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، تەرەققىيات ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسەتتى. بولۇپمۇ 20 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىدا ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن يېنىپ تۇرغان شۇ كەسكىن كۈرەشلەرگە ئۈندەپ، قىممەتلىك كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان ئەدىبلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق قەلەم ساھىبلىرى بىزگە ئەدەبىيات ئارقىلىق يېڭى ئاڭ بەردى. مۇھىمى ماركسىزمچە مىللىي ئاڭ ۋە ئىنقىلاب ئېلىپبەسىنى ئۆگەتتى.

بىر جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي خەلقپەرۋەر مەيداندىكى ھاكىمىيەت بولۇشىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ رولىنى سەل چاغلاشقا زادىلا بولمايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆردۇق. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللاردىكى يەنئەن ئەدەبىيات ئوبزورلىرى، تاشكەنتتە نەشر قىلىنىپ شىنجاڭغا تارقىتىلغان «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى ۋە سوۋېت مەتبۇئاتى بىزگە جەڭگىۋار روھ ئاتا قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇتتى. گېپىنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، چۈشتىكى تەخەللۇسلۇق بىر شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن بىزنى دەس تۇرغۇزدى، كۈرەشكە چاقىردى. بۇ يەردە يەنە غاپۇر غۇلاممۇ شۇنداق قىلغان شائىر بولدى. ماكسىم گوركىي ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرى، ھېكمەتكە تولغان نۇتۇقلىرى ۋە «بورانقۇش قوشىقى» ناملىق شېئىرى، كىرىلوپ «قوزىچاق ۋە بۆرە» قاتارلىق مەسەللىرى بىلەن بىزگە تۇرمۇش بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئۆگەتتى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، يەنى 1949 - يىلدىن ئىلگىرى بىزدە گېزىت - ژۇرنالنى ئاساس قىلغان مەتبۇئات يوق دېيەرلىك شارائىتتا، يوقىرىقىدەك قەلەم ئىگىلىرىنىڭ يالقۇنلۇق سۆز ۋە نۇتۇقلىرى، شېئىر، ھېكايە، مەسەل ۋە چاقىرىقلىرى ناھايىتىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئەدەبىياتنىڭ بۇ ژانىرلىرى خەلقنىڭ ئېڭىنى يوقىرى كۆتۈرۈش، كىشىلەرگە ھاياتنى تونۇتۇش، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ تونۇپ، قانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بولۇش جەھەتلەردە دەستۇر بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەنى 1949 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان، خەلقنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز، ئىقتىساد پومېشچىكلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ،

ئاددىي پۇقرالار مائارىپتىن بەھرىمەن بولالمايتتى. دەل مانا مۇشۇنداق مەزگىللەردە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ھەقسىز تارقىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتىش، دۇنيانى تونۇشىدا بەلگىلىك رول ئوينىدى. خەلقنىڭ ئازادلىق ـ ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشى، دېموكراتىك ھەرىكەتلەر خۇددى باھاردىكى كەلكۈندەك يامراپ، چاڭقىغان جايلارنى قاندۇراتتى. خەلقنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقى مەرىپەت كەلكۈنلىرىدىن سۇ ئىچىپ، ھېكمەت گۈللىشەنلىرى بىخ سۈرگەن ئاشۇ يىللاردا ئەدىبلەر ئاجايىپ چوڭ رولۇلارنى ئوينىدى. چۇستىنىڭ ئاممىباب شېئىرلىرى ۋە ماقالىلىرى، غاپۇر غۇلام، ئابدۇللا قادىرى، سەدىردىن ئەينى، ئۇيغۇن، قادىر ھەسەنوپ، ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىقلارنىڭ شېئىر ـ ھېكايىلىرى مەتبۇئات ئارقىلىق شىنجاڭدا ئاجايىپ بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت قىزغىنلىقىنى ھاسىل قىلغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، 1945 ـ يىلى ماي ئېيىدا تۇرپان يار مەكتەپتە ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە خەلق قاتناشقان شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ، تىياتىر ـ ئويۇن قويغان ئاخشىمى ئوقۇتقۇچىلاردىن چۇستىنىڭ «يېڭى دۇنيا» ۋە «بۇلبۇلغا» دېگەن شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا، مەيداندا ياڭرىغان ئالقىشلار ئاسماننى كۆتۈرۈۋەتتى. شېئىر شۇ قەدەر تەسىرلىك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئوت ياقاتتى، روھلارنى ئۇرغۇتۇپ، شادلىق بېرەتتى، ئۈمىدلەرنى قاناتلاندۇرۇپ، ۋىسال گۈلشىنىدە لەززەت تاپتۇراتتى، كىشىنى يېڭىچە بىر دۇنياغا باشلايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئازادلىق ئىزدەپ، كۆڭۈل ئازادلىكىنى تىلەيتتى. كىشىلەر سوتسىيالىزمغا ۋە سوتسىيالىزم مەملىكەتلىرىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ھەۋەس قىلاتتى، ئىنتىلەتتى ھەمدە شۇ يەردىكى شائىر، سەنئەتكارلارنى كۆرگۈسى كېلەتتى، كىشىلەر ئەنە شۇ شائىرلاردىن بولغان چۇستىي، ئۆمەر مۇھەممەدى قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلاردىن زوقلىناتتى، شېئىرلىرىنى يادلىۋالاتتى. ياشلار ھەتتا سوۋېت شائىرلىرىنىڭ شېئىر، ھېكايىلىرىنى خاتىرە دەپتەرلىرىگە كۆچۈرۈپ ساقلايتتى، ئۇلارغا خەت يازاتتى، شېئىر ۋە ماقالىلەرنى ئەۋەتەتتى. تاشكەنت شەھرىدىكى «شەرق ھەقىقىتى» ناملىق ژۇرنالنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە تۇرسۇن ۋاھىدى، شۈكۈر يالقىن، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىقلار خەت يېزىپ، شېئىرلىرىنى ئەۋەتكەنىدى. بۇلارنىڭ شېئىرلىرى «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1945 ـ يىلىدىكى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ شېئىرلارغا قارىتىپ يېزىلغان ۋە تەخمىس قىلىنغان شېئىرلارنى بۇ ژۇرنال سەھىپىسىدە ئېلان قىلغانىدى. ئەينى زاماندا شىنجاڭدىن ئەۋەتكەن شۈكۈر يالقىننىڭ «يېڭى دۇنياغا» دېگەن شېئىرىغا قارىتا يېزىلغان بىر شېئىر «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1947 ـ يىللىق 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنىدى. سوتسىيالىزمغا، ئازاد، يېڭى دۇنياغا بولغان تەلمۈرۈشى ۋە مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىر ئالتە كۇپلېت بولۇپ، مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

خىيالىم ئۇچسا ھەم ئېرەمباغى ئەرشئەلاغا،
ھەۋەس دىللاردا بولسا پەيدا، گۈل ھەم لالە ـ رەناغا،
مۇھەببەت قويسا دىلبەر شەۋقى بىرلە قەددى زىباغا،
مەگەر مەجنۇن سۈپەت ئاشىق بولسا بىر ئۆزگە لەيلاغا،
مېنىڭ كۆڭلۈم قانات يايماق تىلەيدۇ يېڭى دۇنياغا.

خىيالىم چارچىماس، ئەلۋەتتە، تاپقاي يار كامالىنى،
جاۋابقا شاشتى بىر دەۋا ئاڭلىغاچ بۇ خىيالىمنى،

ئېرەم باغۋەنى ماڭا باقتى ئاڭلىبان بۇ ھالىمنى،
خىيال دەرياسىدا ھەققانىيەت سوردى ئەھۋالىمنى،
ئىزدىگەنىم ئىنقىلاب يوللىرى يېڭى دۇنياغا.

بۇ شېئىر ئۇزۇن ئىدى، لېكىن ئۈچتىن بىرىنىلا كۆرسەتتۇق. بۇ شېئىرغا قارىتا چۇستىي ژۇرنالدا «يېڭى دۇنيا كېرەك بولسا» ناملىق شېئىرنى ئېلان قىلدى. شېئىردا مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

مەجنۇن بولما، بېلىڭ باغلا،
ساڭا لەيلا كېرەك بولسا.
دۈشمەن باغرىن كۆيدۈر، داغلا،
دوست ـ ئاشىنا كېرەك بولسا.

مەن دېمەسمەن: دىۋانە بول،
يار ئىشقىدا مەردانە بول،
ئىشق يولىدا مەردانە بول،
ئالىي باھا كېرەك بولسا.

كۆتەر زىرنى زەۋەر قىلغىل،
ئاشىقلارغا خەۋەر قىلغىل،
ۋىسال ئۆيىگە سەپەر قىلغىل،
زوقۇ ساپا كېرەك بولسا.

ئەلدىن يوقات بىدئەتلەرنى،
ھېچ كۆتۈرمە مىننەتلەرنى،
قولدىن بەرمە پۇرسەتلەرنى،
كان ئاچ تىللا كېرەك بولسا.

چۇستىي كەبى ئالغا باسقىن،
يېڭى دۇنيا كېرەك بولسا.

دېگەن مىسرالار بىلەن جاۋاب يازغانىدى.

بۇ شېئىرلار ئېلان قىلىنغان ژۇرنال ناھايىتى تېزلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئوقۇرمەنلەر ژۇرنالنى كۆرۈپ، بۇ شېئىرلاردىن ئالەمچە خۇشاللىق ھاسىل قىلغان ۋە قولدىن ـ قوللارغا ئۆتۈپ، ياشلار ئارىسىدا قىزغىن مۇھاكىمىلەر بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇ يىللاردا (ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا) ئۈرۈمچىدىكى شائىرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى مەسەل خاراكتېرلىك شېئىرلىرى كۆپلەپ يېزىلغانىدى. «قىزىق» تەخەللۇسىدىكى بىر شائىر بىلەن ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە يېزىشقان شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغانىدى. «شوخ ئەركىن» تەخەللۇسىدىكى قۇربان ئىمىن بىلەن

«بۇلبۇل» تەخەللۇسىدىكى ساتتار مۇخپۇلنىڭ ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى شېئىرلىرىمۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق بولغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەدەبىيات ــ سەنئەت مەسىلىلىرىگە قارىتىپ تۈتلۈك شېئىرلارنى يېزىپ، ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ رەڭدارلىقىغا ھۆسن قوشقانىدى. ئۇ 1944 ــ يىلى ئۇيغۇر ناخشا ــ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن ياش سازەندە زىكرى ئەلپەتتاغا بېغىشلاپ بىر شېئىرىي مەكتۇپ يازدى. ئۇ بۇ شېئىرنى ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن گېزىتتە ئېلان قىلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ، شېئىرىيەتنىڭ قەدىمكى بالاغەت ئىلمى ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك تۈرلىرى ھەققىدىمۇ شېئىرلارنى ئېلان قىلغانىدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ــ يىللىرىدا ئۈرۈمچىدە شېئىر يېزىپ كەلگەن «بۇلبۇل» تەخەللۇسلۇق بىر ياش بار ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»گە دائىم چىقىپ تۇراتتى. 1946 ــ يىلى ئۈرۈمچىدە «خانتەڭرى» ناملىق بىر ئايلىق ژۇرنال ئېلان قىلدى. شۇ يىللاردا بۇ «بۇلبۇل» تەخەللۇسلۇق شائىرىمىز ئۆزىنىڭ بىر ــ ئىككى شېئىرىنى تاشكەنتتىكى «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى بولغان چۇستىي ئىسىملىك ياش شېئىرلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، «بۇلبۇل»غا جاۋاب يازغان ھەمدە «بۇلبۇل»غا قارىتىپ يازغان شېئىرىنى «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغانىدى.

سەن ئەگەر بۇلبۇل بولساڭ، ئازاد گۈلىستانىڭ قېنى؟
گۈل بىلەن ئۇ تاڭدا قىلغان ئەھدۇ ــ پەيمانىڭ قېنى؟
بىر قەپەسكە مۇبتەلا سەن، سۇ بىلەن دانىڭ قېنى؟
بىر قانات سەن، ئۇ قاناتىڭ بىلە دەرمانىڭ قېنى؟
سايرىماي تالماق نەدۇر، زوقۇڭ قېنى، جانىڭ قېنى؟

سايراپ ئۆچ ئاي، توققۇز ئاي جىم ياتسا ئۇ ئاشىق ئەمەس،
نامى بۇلبۇل بولسىمۇ، گۈل ئىشقىدا سادىق ئەمەس،
قويماغىل سازلارنى قۇۋ، گۈل ۋەسلىگە لايىق ئەمەس،
سايرا سەن، ئۇ شۇم نەپەسلەر سەن كەبى ناتىق ئەمەس،
سۆزلىگىن تارىخلاردىن، ياخشى داستانىڭ قېنى؟

ماقالىدە ئىككى كۇپلېتلا ئېلىنىدى.

1940 ــ يىللار سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مەتبۇئاتلار، جۈملىدىن «قازاق ئېلى» نامىدىكى ئايلىق ژۇرنال ۋە گېزىت ــ ژۇرناللار شىنجاڭغا، بۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەقدىرىگە ناھايىتى يېقىندىن كۆڭۈل بۆلەتتى.

شائىر قادىر ھەسەنوف «ئۇيغۇر ئوغلى» تەخەللۇسىدا قاراتمىلىقى كۈچلۈك شېئىر ۋە داستانلار، مەسەللەر ۋە ئەدەبىيات خرىستوماتىسيەسى (ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە دەرسلىك)، ئۇيغۇر تارىخى بايانلىرى، غاپۇر غۇلامنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ئاتالغان شېئىر ــ داستانلىرى، بولۇپمۇ چۇستىي تەخەللۇسىدىكى شېئىر ۋە داستانلىرى ئاجايىپ تەسىرلىك، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، بىر ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. قادىر ھەسەنوپنىڭ «رىزۋانگۈل» دېگەن شېئىرى بىلەن «غۇنچەمنىڭ چۇشى» ناملىق پوئېمىسى، چۇستىينىڭ «قەشقەر قىزى»، «تۇرپان ۋادىسى» ۋە «ئۇيغۇرئاۋات» نامىدىكى پوئېمىسى، ئابلەي مۇھەممەدىنىڭ «ياش يۈرىكىم» ناملىق لىرىك شېئىرلىرى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلب

خاتىرىسىدىن ئورۇن ئالغانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېئىرلار چىرايلىق كىچىك كىتابچە قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان، شىنجاڭدىكى كىتابخانىلارغا قويۇلغانىدى. 1940 ـ يىللار كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئاجايىپ ئىزلارنى سالغان، شۇ يىللار ئالبومىلىرى خىلمۇخىل كۆرۈنۈشلەر بىلەن بويالغان، چۇقانلار ۋە زىلزىلىگە تولغان يىللار ئىدى. قىسقىسى، 1940 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمى قاراڭغۇ تۈننىڭ نۇرلۇق كۈندۈزگە ئالمىشىدىغان پەيتلىرى ئىدى.

شىنجاڭدا ئازادلىق چۇقانلىرى ئەۋجىگە چىققان، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ قورغانلىرى لىڭشىپ قالغان، شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ ۋىلايەتتە دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغان، غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە گېزىت ـ ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ، ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى جارى قىلىنغان، سوۋېت مەدەنىيىتىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەنئەندىن پۈتكۈل جۇڭگوغا كېڭىيىۋاتقان ئازادلىق ھەرىكەتلىرى «ئالغا» گېزىتى ۋە «كۈرەش» ژۇرناللىرىدا تەشۋىق قىلىنغان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىمۇ يېڭى ـ يېڭى تېمىلاردا ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىش ھارپىسىدا تۇراتتى. ئەنە شۇ يىللاردا مەتبۇئات، باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانى، «يەنئەن ئاپتىپى»، «سامساق ئاكام قايناپدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى سەھنىلەردە ئوينالغان ۋە يېزىلارغىچە كېڭەيگەن، نۇرغۇن ياشلار ئېپىزوتلىرىنى يادلىۋالغان ۋە ناخشىلىرىنى ئېيتقان، تەقلىد قىلىنغانىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 17 ياش ۋاقتىدا جەڭگىۋار، ئۆلمەس شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇ يەنە پەن ـ مەدەنىيەتنى تۇغ قىلغان «4 ـ ماي ياشلار ھەرىكىتى»گە ئاۋاز قوشۇپ، شېئىرىيەتنى جەڭ مارشى قىلغان باشلامچى ئىدى. چارەك ئەسىرگىمۇ توشمايدىغان قىسقا ئۆمرىدە ئەدەبىياتنىڭ كۆپلىگەن ژانىرلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭدا تالانت، ئەقىل ـ پاراسەت، كۈچ ـ غەيرەت، غايە، ئېتىقاد، پىداكار روھ دېگەندەك ئېسىل خىسلەتلەر تولۇق ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنى بىلگەن، تەربىيە ئالغان، ئىزگۈلۈك ئۈچۈن چۇقان كۆتۈرگەن ئوت يۈرەك ئىدى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت توغرىسىدا توختىلىپ: «ئەدەبىيات روھنى ئويغىتىدۇ، ئىجادىيەت يېڭى بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا يېڭىلىق، ئىجادىيلىق چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىلغار، ئۆتكۈر بولۇپ، كۈچلۈك ۋەتەنپەرلىك روھ ئەكس ئېتەتتى. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا فېئوداللىزمنىڭ گۆرگە كىرگەنلىكى، ياشاش ئىقتىدارىغا مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

كونا دۇنيا ئېغىر ئاياغ ئەمدى،
قورسىقىنى كۆتۈرۈپ يىراق كېتەلمەس.
بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ۋەتەندىن
بىر غېرىچ يەرنىمۇ ئېلىپ كېتەلمەس.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يېڭىلىق، ئىجادىي ئىبارە، گۈزەل ئوخشىتىش، ھېكمەتلىك سۆزلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيەت خامىنىدىن ھوسۇل ئېلىش بىلە بىللە كىشىلەرگە يېڭى سەپەر كۆرسىتىپ، مەنىۋى تۇرمۇشقا شېرىن ـ تاتلىق مېۋىلەرنى تەقدىم قىلاتتى. 1940 ـ يىللاردا «غېرىب ـ سەنەم» دىرامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈشتە زىكرى ئەلپەتتا ئىجادىي ئىش كۆرگەنىدى. لۇتپۇللا دەرھال بۇ

كىشىنى مەدھىيەلەپ، «چال، سازەندەم» ناملىق شېئىرنى يازدى. بۇ چاغدا لۇتپۇللا ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى»دىكى تەھرىرلىك خىزمىتىدىن ئايرىلىپ ئاقسۇغا كەلگەن بولسىمۇ، چۈشكۈنلەشمەي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. ئۇنىڭ زىكرى ئەلپەتتاغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرى 1944 - يىلى 9 - ئايدا «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

چال سازىڭنى زوق بىلەن تىنماي چال، سازەندەم،
ھەربىكىتىڭ تېتىك، قوللىرىڭ مەجنۇنتال، سازەندەم،
ناخشاڭ شېرىن - تاتلىق سېنىڭ گوياكى بال، سازەندەم،
ياشلىقىڭ زىلۋا چېغىدا ئىجاد قىلىپ قال، سازەندەم،
بۇ مۇخەممەس شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئېرسال، سازەندەم.

بۇ ۋەتەندە جاراڭلىسۇن نەغمەڭ ساداسى،
ھاۋالارغا ئۆرلەپ كەتسۇن مۇڭلۇق ناۋاسى،
تەسەددۇق خويمۇ كەڭ گۈزەللىك دۇنياسى،
كونا مۇقاملار لەززەتنىڭ ئەڭ چوڭ باباسى،
ئۆسۈش، ئىجاد، يۈكسىلىشكە ئەپلىك ئامال، سازەندەم.

شېئىرنىڭ داۋامىدا سەنئەتنىڭ كىشى كۆڭلىنى روھلاندۇرۇش خاسىيىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش، غەمنى تارقىتىپ، جەمئىيەتكە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىشتەك رولى ھەققىدە توختالغان ھەمدە سازەندىنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان.

* *

بىلىملىك سۆزى يەرگە سۇدەك ئېرۇر،
ئېقىتسا سۇنى يەرگە نېمەت ئۈنۇر.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى يېڭى شەكىللەر بىلەن بېيىتتى، يېڭى شېئىرىي پىكورىلارنى ياراتتى. ئۇ بارماق ۋەزنىدە ياخشى شېئىرلارنى يازغاندىن باشقا، ئارۇز ۋەزنىدىمۇ نادىر شېئىرلارنى يازدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ داۋالغۇپ تۇرغان ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بولمىغان يىللاردا ياشىدى. ئۇ شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن، ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى قوغداشقا ۋە بۇ نۇقتىئىنەزەردىكى ئىجادىيەتنى جارى قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. گومىنداڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى چەكلەپ تۇراتتى، لۇتپۇللانىڭ كەينىدە ئىشپىيونلار بار ئىدى. لۇتپۇللا شۇنداق ئەھۋالدىمۇ تەپتارتماستىن ئىش - ھەرىكىتىنى توختاتمىدى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇئەممادىن ئىبارەت ئەدەبىي شەكلىدىن پايدىلىنىپ شېئىر ئېلان قىلاتتى. شۇ يىللاردا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىدىغانلار خېلىلا كۆپ ئىدى. لۇتپۇللا شېئىرىيەتنىڭ بالاغەت ئىلمىدىكى ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ

بىرنەچچە مۇۋەششەھ يازدى. شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» بولۇپ، 11 بېيت ئىدى. ئۇنىڭ بۇ شېئىرى 1944 ـ يىلى ئېلان قىلىندى. شېئىردىكى ھەربىر بېيتنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىن بىر ھەرپنى ئېلىپ ئون بىر ھەرپنى قوراشتۇرسا، «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن جۈملە ھاسىل بولاتتى.

يىراقتىن سۆزلەر، شائىر، نازاكەت بۇلبۇلىغا بوستان بول،
ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىڭ تىلىغىمۇ داستان بول.

ئالمان ـ تالمان ئىجاد باغىدا مېۋە پىشمىسۇن،
ئەلگە غورا بەرمەيدىغان سادىق باغۋەن بول.

شۆھرەت ئىزدىمە، خالىسا ئۇ ئۆزى كەلسۇن،
ئىجاد، مېھنەت مەيدانىدا تۇر، پالۋان بول.

ئارام ئالما، ئىلھام بەزمىسىدە مۇقام ئېيتماي،
يىراق زامان كۆرگەزمىسىگە سەنئەتتىن مەيدان بول.

شەرەپ ـ شان ئۇنۇملۇك ئىجادنىڭ ھەردەم يولدىشى،
ئىلھام سەنەم، سەن ئاشىق غېرىبجان بول.

ئۆلۈم يوق ساڭا، شائىر زادى ئۆلمەيدۇ،
ئەلنىڭ بۈيۈك گەۋدىسىدىكى ساپ قىزىل قان بول.

چۆرگۈلەي، ئۆرگۈلەي، سادىغاڭ كېتەي ئەل بويىنىدىن،
ئەلنىڭ تۇيغۇسىغا ئاندەك كۆيۈمچان بول.

نېمە كەم ئىلھام ئۈچۈن، دۇنيا خىلمۇخىل مۆجىزە،
ھالال مېھنەت، كەشپىيات ئۈچۈن خورىماس جان بول.

كۆرەڭلەشنى سەن ئىزدىمە، قەلىمىڭ تاپسۇن ھوسۇل،
مىليون خەزىنىلەردىن ئۇسسۇن، بەرىكەتلىك خامان بول.

رىشتە باغلاندى، شائىرلىقتىن يات ئادەم ئىدىم،
دېدى خەلق تۇيغۇسى: مېنىڭ ئۈچۈن جانان بول.

شەۋكەت تاپمايسەن، ئىجادىيەت بېغىدا تۇرمىساڭ خالىس،
سايرا ئۆتكۈر، ھاڭ ـ تاڭ قالسۇن ئۇ، بۇلبۇلىستان بول.

1944 ـ يىلى ئاۋغۇست

ئۇ ئەينى چاغدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ كۆرەشنى ئۆزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللاندى. «ئەقىلگە ئىشارەت، ...»دېگەندەك. بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەخپىي تەشكىلات ئەزالىرى ئارىسىدا چوڭقۇر ئىنكاس قوزغىدى. بۇ شېئىر 1944 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»دىن ئېلىنىپ «شىنجاڭ گېزىتى»دە بېسىلدى. قەلەمكەشلەر ئارىسىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۇلغايدى. ئەمما، 1945 ـ يىلى گومىنداڭ ئاقسۇدا ئاق تېررورلۇق ئېلىپ باردى. لۇتپۇللا قاتارلىق 36 كىشى گومىنداڭ تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇرۇش توختىتىلىپ، 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. ئۈرۈمچىدە ھۆكۈمەت سانائىنەپسە ئۈسكىگە مەبلەغ ئاجراتتى، مەتبۇئات بىرئاز ئەركىن بولدى. «شەرق ھەقىقىتى» كەڭ تارالدى. يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ ژۇرنالدا بېسىلدى.

* *

بەختلىك بول، ئەگەر بىز ئەبەدىي ئايرىلىدىغان بولساق، ئەبەدىي ئەلۋىدا!

— بايرون

لۇتپۇللا 1944 ـ يىلىدىن كېيىن بىرقانچە شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردا يازغان «باھار ھەققىدە مۇۋەششەھ» ناملىق شېئىرىدىن بىلال ئەزىزى دېگەن ئىسىم چىقىدىغان بولۇپ، بۇ شېئىردا بۇ ئىككى ياشنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ئىپادىلەنگەندى. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن يەنە باھارغا — ئازادلىققا بولغان تەلپۈنۈش ئەكس ئېتەتتى.

ئېخ، باھار قەدرىنى يەنە مەندەك كىملەر بىلەر؟!
چۈنكى مەنمۇ چىن باھارغا تەشنائى زار سېنىڭدەك.

بۇ شېئىر توققۇز بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1945 ـ يىلى مايدا يېزىلغاندى.

بىلال ئەزىزى 1943 ـ يىلى ئۆلكىلىك ساقچى مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ ئاقسۇغا تەقسىم قىلىنىپ، ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيتتى. لۇتپۇللا 1943 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنىپ، گېزىتخانىدا ئىشلەيتتى. بۇ ئىككى ياش غايە ۋە ئېتىقاد جەھەتتە مەيدانى بىردەك بولغاچقا، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە بىرلىكتە ئىشلەيتتى. ئەمما، ئۇلار 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گومىنداڭ تۈرمىسىگە قامىلىپ، ئىنقىلاب يولىدا بىر كۈندە قۇربان بولدى.

گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ ئىنقىلابچىلارنى قەتل قىلغان كۈندىكى قىيا ـ چىيالار ھەرقانداق كىشىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. 1945 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر ئۇ مۇتتەھەملەر ۋاقتىنچە مۇرادىغا يېتىدىغان، ۋاقىتلىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن كۈن بولغانىدى. ئىنقىلابىي ئامما ئىنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، دۈشمەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابچىلارنى قەتل قىلدى. دۈشمەن بىلەن كۈرەشۋاتقان شۇ جىددىي پەيتتە ئىنقىلابچىلار تاتلىق جېنىدىن كەچتىكى، ئۇلارغا تەسلىم بولمىدى، ۋىجدان ـ غۇرۇرىنى ساتمىدى. گەرچە دۈشمەن باتۇرلارنى جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى ۋە غايىسىنى نابۇت قىلالمىدى. شۇ چاغدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ 23 ياشتا، بىلال ئەزىزى 24 ياشتا ئىدى. گەرچە ئۇلار ئارىمىزدىن كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تۆھپىسى

ئارىمىزدا، تارىخىمىز ۋاراقلىرىدا، قوشاقلاردا ئەسلەنمەكتە.

ئىنقىلابتا قان تۆكۈلەر، ياش تۆكۈلمەيدۇ بىراق،
ھەرقاچان بار بىر ئۆلۈم، سەن مۇڭلىنىپ چەكمە پىراق.
قۇربانلارنىڭ قانلىرى بىكار ئېقىپ كەتمەس سۇغا،
بۇ تەۋەررۇك سۆز يۈرەكتە ساقلىنار مەڭگۇ — ئۇزاق.
تۇغىمىزدا ئېنىق ھەممىسى،
بولقا، ئورغاق ھەم قان بەلگىسى.
قان كېتەر — جان كېتەر،
كەتمەس غالىب روھ، ئۆلمەيدۇ خەلق.

1940 ـ يىللاردا شىنجاڭدا دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىلمىغان، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغىمۇ رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرەر تەشكىللىي رەھبەرلىك ئورگىنى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا خەلق ئىستىخىيەلىك رەۋىشتە ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلىنىپ، گېزىت ـ ژۇرناللارغا ئەدەبىي خاراكتېردىكى نەرسىلەرنى يېزىپ تۇراتتى. ئەينى يىللاردا، «شىنجاڭ گېزىتى»، «خانتەڭرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ شېئىر، ھېكايىلىرى ئېلان قىلىناتتى. چۈنكى، خەلقئارادىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتتە جاھانگىرلىك مەغلۇپ بولۇپ، خەلق دېموكراتىيە ئېقىمى يامرىغان، ھەرقايسى جايلاردا ئازادلىق چۇقانلىرى ئەۋج ئالغانىدى. جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاكتىپ تەسىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ماركسىزملىق مەتبۇئاتىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بىخ سۈرۈشكە باشلىغان، يەرلىكتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت خېلى كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلارنىڭ قەلىمى پىشىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەنىدى.

1940 ـ يىللاردا شىنجاڭدىكى ياشلار ئىلغار مەتبۇئاتنىڭ تەسىرىدىن مەلۇم جەھەتتە تەربىيە ئالغانىدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىلال ئەزىزى ئەينى چاغدا لىن جىلۇ ۋە ماۋ دۈن ئەپەندىلەرنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «يېڭى يۇلتۇز» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇپ، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن چوڭقۇر تەربىيە ئالغان، شۇنداقلا «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدىن ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەسىنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇلار بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانىدا، تۇرپان ـ قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىنقىلاب شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل دائىرىسىگە كېڭىيىپ، ئاخىر جىن شۇرېننىڭ ئەكسىيەتچىل دىكتاتۇرىسى تارمار قىلىنىپ، دېموكراتىك يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغانىدى. مائارىپ راۋاجلانغان، شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن ۋە نورغۇن باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلغانىدى، يەنئەندىن جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يۈزلىگەن ئەزالىرى كېلىپ، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغانىدى. «شىنجاڭ گېزىتى» جەڭگىۋارلىشىپ، دۇ جۇڭيۈەن، لى خې قاتارلىقلار گېزىتتە ئىشلىگەنىدى.

*　　　　　　*

قارا، ئىككى تۇرلۇكتۇر ئېسىل كىشى،
بىرى بەگ، بىرى زالىم، يۇرتنىڭ بېشى.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

1943 ــ 1944 ـ يىللاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ تەسىرى ۋە دۇنياۋى فاشىزمغا قارشى كۈرەشلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە قارشى ھەرىكەتلەر پارتلىدى. بولۇپمۇ ئىلى، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئىنقىلاب بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇسمۇرلۇك چېغىدىن باشلاپ ئىنقىلابىي ئىشلارغا مۇھەببەت باغلىغان لۇتپۇللا ۋە بىلال ئەزىزى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەردىن خەۋەر تېپىپ، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرنى روھىي كىشەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى، كىشىلەرنىڭ روھىغا ئوزۇق بەردى. شۇ چاغلاردا لۇتپۇللانىڭ بىرقانچە شېئىرلىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ مەكتەپلەردە مارش قىلىپ ئېيتىلدى. بىلال ئەزىزىنىڭ «يېڭى مەكتەپ» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ سەھنىلەردە ئورۇنلاندى. ئۇنىڭ فېئوداللىق نىكاھقا قارشى ئەركىن مۇھەببەتنى تەرغىب قىلىپ يازغان «ئانا بىلەن بالا» ناملىق شېئىرىي ئېيتىشىشى سەھنىدە ئورۇنلاندى. بۇ ئەسەرلەر كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شۇ يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىلال ئەزىزى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن سەككىز يىل جەريانىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ساھەسىدە ياخشى نەمۇنىلەرنى ياراتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ داستان، رۇبائىي، مۇۋەششەھ، تۇيۇق، فېليەتون، مۇستەھزاد، ھېكايىلىرى، بىلال ئەزىزىنىڭ رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇسەددەس ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىي ئوقۇشلۇق ۋە دەرسلىكلەردە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

1940 ـ يىللاردا ياشىغان ۋە شۇ يىللاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەردە ئەمگەك قىلغان كىشىلەر زۇلمەت تۈننىڭ ئاخىرلىشىپ يوپيورۇق تاڭنىڭ ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىللە قان تۆكۈپ كۈرەش قىلدى. ئۇلار خۇددى بولبۇلدەك يېڭى جۇڭگودىن ئىبارەت قىزىلگۈلنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشى ئۈچۈن زوق ـ شوق بىلەن سايرىدى. ئۇلار كۆڭۈل ئېتىزىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى بىلەن سۇغىرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەشكە ھەمدەمدە بولدى. شۇڭا، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر جەڭگىۋار كىشىلەر دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى «ئەڭ»لەر

(ئەلىشىر نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 575 يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلانغان)

تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش

ئەلىشىر نەۋائىي ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر بۈيۈك نامايەندە. ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىنى ۋە يۈكسەك چوققىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەبەدىي ئۆچمەس ئەسەرلىرى بىلەن كاتتا ھۆرمەتكە، زور شان ـ شەرەپلەرگە نائىل بولغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ھۆرمەت ئەربابى، ئەدەبىياتشۇناس، ئۇلۇغ سۆز سەنئەتكارى، شېئىرىيەت دۇنياسىنىڭ سۇلتانى، ئۇ ھىجرىيەنىڭ 844 ـ يىلى توخۇ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى (مىلادىيە 1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرال)، تۆمۈرىيلەر سارىيىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھىراتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن بىرى بولغان غىياسىددىن كىچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. («تارىخى رەشىدىي»، تېھران نەشرى، 2005 ـ يىلى پارسچە نەشرى 310 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 435 ـ بەت، تاشكەنت، 2011 ـ يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 284 ـ بەتلەرگە قارالسۇن).

نەۋائىي ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تالانتى، ئاجايىپ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىكى بىلەن تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە زامانداشلىرى ئارىسىدا زور شۆھرەتلەرگە نائىل بولغان. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پەن ۋە بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق ئالىملار ئارىسىدا «نادىرى دەۋران» (دەۋرىنىڭ يېگانىسى) دېگەن نام بىلەن شۆھرەتلەنگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ گۈزەل، پاساھەتلىك ئانا تىلىدا ئىجاد قىلىش بىلەن بىللە، پارس تىلىدىمۇ قىممەتلىك مىراسلارنى يارىتىپ، «زوللىسانەين» (قوش تىل ئىگىسى) دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان.

ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاكامۇللىشىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتا قىلغان، بۇ ساھەدە باشقىلار پەقەتلا مۇيەسسەر بولالمايدىغان زور ئۇتۇقلارنى قازانغان بۈيۈك مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەربابى، شېئىرىيەت دۇنياسىنىڭ ھارماس ـ تالماس تۇلپارى، تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ مىسلىسىز ماھارەت ئىگىسى. ئۇ ئىجاد قىلغان ھەرخىل ئىلىم ۋە تۈرلۈك تېمىلارغا دائىر 30 پارچىغا يېقىن ئەسەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پۈتكۈل تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە كاتتا شۆھرەتلەرنى قازانغان ۋە داۋاملىق قازىنىۋاتقان بىباھا مىراسلاردۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتى ۋە ماھارىتى بىلەن سۆز سەنئىتىنى قورال

قىلىپ، شېئىرىيەت دۇنياسىغا نەقىش چەكتى ۋە ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق ۋە پارس تىللىق خەلقلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. دۇنيا ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە بىباھا دۇردانىلىرى بىلەن تۆھپە قوشقان نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىكەن:

«... نىزامىي گەنجەۋى ئەزەربەيجاننى ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن ئىشغال قىلىپ، ھەتتا كىچىك ئاسىيانىمۇ يۈرۈش قىلدى. خۇسرەۋ دېھلەۋىمۇ تىل قىلىچىنى، يەنى سۆز قورالىنى قولغا ئېلىپ، پۈتۈن ھىندىستاننى قولىغا ئالدى. بۇلاردىن باشقا، جامىيمۇ ئىراندا يۈرۈپ، ھەتتا ئەرەبىستاندا شەۋكەت ناغرىسىنى چالدى. ئەمما، تۈرك خەلقلىرى ئېنىق مېنىڭكىدۇر. مەن ھېچقانداق لەشكەر ئېلىپ بارماستىن، يەرلەرنى ئوڭايلىق بىلەن ئېلىپ قويدۇم. پەقەت خوراسانغا ئەمەس، شىراز ۋە تەبرىزلەرگىمۇ مېنىڭ قومۇش قەلىمىم شېكەر تۆكۈپ قويدى. مېنىڭ سۆزۈمگە تۈرك خەلقلىرى كۆڭۈللىرىنى ۋە جانلىرىنى بېرىشىپ قويدى. مەن قايسىبىر مەملىكەتنى ئېلىش مەقسىتىدە پەرمان ئەۋەتمەكچى بولسام، بەلكى ئۇ يەرگە شېئىرلار دىۋانىمنى ئەۋەتتىم.» («شەرق ھەقىقىتى» 1948 - يىللىق 6 - سان 6 - بەت).

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئەسەرلىرىدە قوللىنىلغان شېئىرىي شەكىللەر، شېئىرىي سەنئەتلەر، بەھىر ۋە ۋەزىنلەرمۇ ئىنتايىن كۆپ، ئەسەرلىرىنىڭ سانى، ھەجمى، ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ سانى جەھەتتىمۇ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، كۆپ جەھەتلەردىكى ئەڭ ياخشى باھالارنى قولغا كەلتۈرگەن. مەن ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ھېس قىلغان نەۋائىي ئەسەرلىرىدىكى «ئەڭ»لەر توغرىسىدىكى بۇ ئاددىي يازمامنى نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 575 يىللىقىغا بېغىشلاپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچى.

بىرىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «خەمسە» پېشۋالىرىدىن پەرقلىق ھالدا، ئەڭ بۇرۇن خەمسەنى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، «خەمسە»نىڭ ئىلگىرى پەقەتلا مەيدانغا كەلمىگەن ئەڭ يېڭى تىپىنى — نۇسخىسىنى ياراتتى.

«خەمسە» — ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەدەبىي ئېقىم بولۇپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىشى بولمىغان، ئەمما مەسنەۋىي شەكلىدىن ئىبارەت ئورتاق شېئىرىي ئەندىزە بويىچە يېزىلغان مۇستەقىل بەش داستان بىرلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي توپلام. «خەمسە»چىلىك تارىخىدا بۇ خىل ئەدەبىي ئەندىزىنى ئەڭ دەسلەپ بەرپا قىلغان ۋە بۇ ساھەدە «خەمسەچىلىكنىڭ پىرى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئەزەربەيجانلىق مۇتەپەككۇر، شائىر - ئىلياس ئىبنى يۈسۈپ نىزامىي گەنجەۋى (1141 - 1209) ھېسابلىنىدۇ. 14 - ئەسىرگە كەلگەندە ھىندىستانلىق مەشھۇر پارس تىللىق شائىر ئەمىر خۇسراۋ دېھلەۋى (1253 — 1325) نىزامىي گەنجەۋى ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇ باشلاپ بەرگەن «خەمسە»چىلىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، گۈزەل ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مىسرالار بىلەن كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان «پەنج گەنج» (بەش چوڭ خەزىنە) ناملىق خەمسەنى بارلىققا كەلتۈرۈپ چوڭ شۆھرەت قازاندى. 15 - ئەسىرگە كەلگەندە تاجىكلار ئىچىدىن چىققان مۇتەپەككۇر شائىر مەۋلانا نۇرىددىن ئابدۇرەھمان جامىي (1414 — 1492) نىزامىي بىلەن دېھلەۋىنىڭ خەمسەلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، ئىنتايىن زور ئەجىر بەدىلىگە «ھەفت ئەۋرەڭ» (يەتتە يۇلدۇز) نى يېزىپ خەمسەچىلىك تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «خەمسە»چىلىككە قىزىقىش 13 — 14 - ئەسىرلەردە باشلانغان. قۇتب خارەزمىي، نىزامىينىڭ «خۇسرەۋ ۋە شېرىن» داستانىنى، ھەيدەر خارازمىي شېئىرىي شەكلىنى ساقلىغان ئاساستا ئايرىم ئۆزگىرىشلەر بىلەن «مەخزەنۇل - ئەسرار» داستانىنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان. ئابدۇرەھمان جامىيدىن كېيىن «خەمسە»چىلىك تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىدىن بۇرۇنقى «خەمسە»چىلىك ئۇستىلىرىدىن بولغان نىزامىي، دېھلەۋى، جامىيلارنىڭ «خەمسە»لىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، «خەم-

سە» پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ھەمدە ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «تەرھىلىك تازا بولغاي» (ياراتقان نەرسەڭ يېڭى بولغاي) قىلىش ئۈچۈن «خەمسەئى نەۋائىي»نى بىرىنچى بولۇپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقىشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويىدى. نەۋائىي بۇ ئۇلۇغۋار مەقسەتنى «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنىڭ خاتىمىسىدە ئوچۇق قىلىپ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويغان:

«گەر نۇكتەلەرى جەھاننى تۇتتى،
غەۋغالارى ئىنسۇ جاننى تۇتتى.
چۇن پارسى ئەردى نۇكتە شەۋقى،
ئازراق ئىدى ئاندا تۇركىي زەۋقى.
ئول تىل بىلە نەزم بولدى مەلفۇز،
كىم پارسىي ئاڭلار ئولدى مەھزۇز.

مەن تۇركچە باشلابان رىۋايەت،
قىلدىم بۇ فەسانەنى ھىكايەت.
كىم جۇن شۇھرەتى جەھانغا تولغاي،
تۇركىي ئېلى داغى بەھرە ئالغاي.
نېچۇنكى بۇ كۇن جەھاندا ئەتراك،
كۆپتۇر خوش تەبئى ساف ئىدراك.»

(يەشمىسى: گەرچە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە شۆھرەتلىرى جاھانغا يېيىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يازغان نازۇك مەنىلەردە تۈركچە زوق ئازراق ئىدى، پارسچە زوق كۆپرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەنىلەر پارسچە تىل بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقتىن، پەقەت پارسچە بىلىدىغانلار بەھرە ئالالىدى. ھازىر جاھاندا ساپ ئىدراكلىق، خۇش تەبىئەتلىك تۈركىي تىلىدا يازىدىغانلار كۆپەيگەن شارائىتتا شۆھرىتى جاھانغا تولسۇن، تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ بەھرە ئالسۇن دەپ، بۇ ئەپسانىنى ھېكايە قىلىپ يازدىم).

دېمەك، نەۋائىي «خەمسە»نى بىرىنچى بولۇپ ئۆز ئانا تىلىدا يېزىپ چىقىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «خەمسە»چىلىك ئېقىمى بولماسلىقتا خاتىمە بېرىپ، ئابىدە تىكلەپ بەردى. ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە»سىنىڭ چوققىسى ھېسابلىنىدىغان «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا تۇنجى بولۇپ، ئىران پادىشاھى خۇسرەۋنى باش قەھرىمان قىلغان نىزامىي گەنجەۋى بىلەن خۇسرەۋ دېھلەۋى ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈركىي شاھزادە ۋە ھۇنەر ـ سەنئەت ماھىرى پەرھادنى باش قەھرىمان قىلغان تۈركىي داستان ياراتتى. تۇنجى بولۇپ پەرھادنى خوتەن شاھزادىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى.

ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلغان «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدا ھۆسن جامالىدا تەڭداشسىز، كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتە ھەتتا ۋەھشىيلەر قوۋمىنىڭ ئاتامانى رەئدىنى يەر چىشلەتكەن «لۇئبەتى چىن» (چىن گۈزىلى ــ خوتەن گۈزىلى)نى تۇنجى قېتىم خوتەن بىلەن باغلاپ، بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدېئالىدىكى ئاياللار باراۋەرلىكى، شۇ جۈملىدىن، ھەتتا ئەرلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنىمۇ ئاياللار قىلالايدۇ دېگەن ئۇلۇغۋار ئىدىيەسىنى نامايىش قىلغان.

ئىككىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي ئەڭ كۆپ شېئىرىي شەكىللەردە شېئىر يازغان شائىر. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە كۆپلىگەن شائىرلار

مەيدانغا كېلىپ، ئوخشاشمىغان شېئىرىي شەكىللەردە ئەسەر يېزىپ، ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شېئىرىيەت دۇنياسىنىڭ سۇلتانى ھېسابلانغان بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەڭ كۆپ شېئىرىي شەكىللەردە يېزىپ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلغان ۋە كېيىنكى شائىرلارغا ئۈلگە ياراتقان. مەسىلەن، نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇل - مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق ئەسىرى غەزەل، مۇستەھزاد، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئبەند، مەسنەۋىي، قىتئە، رۇبائىي، تەركىببەند، مۇئەمما، قەسىدە، چىستان (لۇغز - لەغەز)، تۇيۇق، مۇسەممەن، ساقىينامە، پەرد قاتارلىق 16 خىل لىرىك ژانىردا يېزىلغان. نەۋائىي قوللانغان لىرىك ژانىرلار ھەقىقەتەن كۆپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نەۋائىي ئەڭ كۆپ قوللانغان ئىككى ژانىر بار. بىرى غەزەل، يەنە بىرى بولسا مەسنەۋىيدۇر. غەزەل نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ، «خەمسەئى نەۋائىي» مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان. زەللىي نەۋائىي ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاران سەككىز خىل لىرىك ژانىردا يېزىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. قالغان شائىرلار پەقەت بىرقانچە خىل شەكىلدە شېئىر يېزىش بىلەنلا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلغان، خالاس.

ئۈچىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە ئەڭ كۆپ شېئىرىي سەنئەتلەرنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر بالاغەت ئىلمىدە ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە تالانتىنى نامايان قىلىپ، يۈكسەك چوققا ياراتقان.

قەدىمكى ئەدەبىياتىمىزدا بەدىئىيلىك مەسىلىسى ھەمىشە شائىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرۇپ كەلگەن. ئىجادكارنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدە سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ نېمىلەرنى تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى قانداق تەسۋىرلىگىنىگە كۆپرەك ئېتىبار بېرىلگەن. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە شېئىرىي سەنئەتلەردىن قانداق پايدىلىنىش ماھارىتى ئەسەرلەردىن بۇيان بەدىئىي سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنىڭ بىرى سانىلىپ كەلگەن. بۈيۈك سەنئەتكارلار قوللانغان ھەربىر سەنئەت ئەسەردىكى غايىنى بەدىئىي ئىپادىلەش، لىرىك ۋە ئېپىك ئوبرازلارنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈش. ئەسەرگە جەزبە، جۇلا بېغىشلاش، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. نەۋائىي ئۆزىنىڭ «تۈرلۈك دىۋانلىرىدا يۈزدىن ئارتۇق مەنە سەنئەتلىرى، لەفزىي (شەكىل) سەنئەتلىرى ھەمدە مۇشتەرەك (بىرلەشمە) سەنئەتلىرى مەۋجۇت بولغان» («ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى» 2 - توم، تاشكەنت 1978 - يىلى نەشرى) ئۇلارنىڭ رولى ئارقىلىق ئاجايىپ گۈزەل مىسرالارنى يارىتىپ، شېئىرىيەت سەنئىتىگە نەقىش چەككەن. تۈركىي تىللىق شېئىرىيەت مەملىكىتىدە نەۋائىيدەك كۆپ خىل شېئىرىي سەنئەتلەرنى قوللىنىپ ئەسەر يازغان شائىردىن يەنە بىرىنى تېپىش ئەسلا مۇمكىن بولمىسا كېرەك.

تۆتىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا، ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئىلمىي نۇقتىدىن شەرھلەيدىغان، نەزەرىيەۋى ئەسەرنى ئەڭ بۇرۇن يېزىپ چىقىپ، تۈركىي ئارۇزغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان ئارۇزشۇناس.

تۈركىي ئارۇزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، شائىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ 1069 — 1070 - يىللىرى يېزىلغان شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تىن باشلانغان. تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات تارىخىدا ئارۇز ئىلمىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئىلمىي نۇقتىدىن ئەتراپلىق شەرھلەيدىغان ئەڭ دەسلەپكى نەزەرىيەۋى ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»تىن تەخمىنەن بەش ئەسىر كېيىن، يەنى 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلگەندى. بۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» (ۋەزىنلەر ئۆلچىمى) ناملىق ئەسىرى بولۇپ، تارىختا «تۈركىي ئارۇزى» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

«مىزانۇل - ئەۋزان» — ئارۇز نەزەرىيەسىگە بېغىشلانغان ئەسەر. نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرى ئارۇزنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق بولغان قائىدىلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمىگەن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئارۇزغا قوشۇمچە ۋە يېڭىلىقلارنى كىرگۈزۈپ، ئارۇزنى بېيىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەر. بۇنىڭ ئۇ-

چۈن مۇنداق ئىككى يول تۇتقان، بىرى، ئەرەب ۋە پارس تىلىدىكى پوئېزىيەدە قوللىنىپ كېلىنگەن ئارۇز سىستېمىسىغا قوشۇمچىلارنى كىرگۈزۈش، يەنە بىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پوئېزىيەسى ۋە فولكلورىنىڭ نەچچە يۈز يىللىق تەجرىبىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇش، ئارۇزغا تەققاسلاپ قوشۇمچىلارنى كىرگۈزۈش ۋە ئارۇزنى بېيىتىش. نەۋائىي بۇ ئەسىرىدە بىرىنچىدىن، تۈركىي خەلقلەردە ئارۇزدىن باشقا يەنە مۇستەقىل ۋەزىن، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بارلىقىنى بىرنەچچە قېتىم قەيت قىلغان. ئىككىنچىدىن، تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

«مىزانۇل ـ ئەۋزان» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى بولۇپ ئارۇز ئىلمىگە بېغىشلاپ يېزىلغان ئەسەر بولغاچقا، ئاپتور ئۇنىڭدا تەبىئىي رەۋىشتە ئانا تىلىنىڭ تەلەپپۇز ۋە بوغۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنى ئارۇز ئىلمىي نۇقتىسىدىن شەرھلەشنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

نەۋائىينىڭ «مىزانۇل ـ ئەۋزان» ناملىق ئەسىرى تۈركىي پوئېزىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، ئارۇز ئىلمىنى بېيىتتى. ئۆز زامانىسىنىڭ مۇھىم ئېھتىياجلىرىغا جاۋاب بېرىپ، تۈركىي ئارۇز نەزەرىيەسىگە ئاساس سالدى. ئەسەر بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى زور شۆھرەت قازاندى. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغىمۇ پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىپ، ئەمەلىي قىممەت ياراتقان ئۇلۇغ ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي تۈركىي تىللىق شائىرلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ بەھر ۋە ۋەزىن تارماقلىرىدا شېئىر يازغان شائىر.

تۈرك، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، نەۋائىيشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئەلىشىر نەۋائىي يالغۇز ئارۇز نەزەرىيەسى ۋە تەتقىقاتى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى ئارۇزنىڭ 10دىن ئارتۇق بەھر ۋە 80 خىلدىن ئارتۇق ۋەزىن تارمىقىدا ئۆزىنىڭ ئىستېداتىنى نامايان قىلىپ، پۈتكۈل تۈركىي تىللىق ئەدەبىيات ئەھلى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ بەھر ۋە ئەڭ كۆپ ۋەزىن تارمىقىدا شېئىر يازغان شائىر، دەپ قارالماقتا.

نەۋائىي ئۆز شېئىرلىرىدا رەمەل، ھەزەج، مۇجتەس بەھرلىرىنى ئەڭ كۆپ قوللانغان بولۇپ، پۈتۈن شېئىرلىرىنىڭ تەخمىنەن 70%ى مۇشۇ ئۈچ خىل بەھرىدە يېزىلغان. نەۋائىي قوللانغان ۋەزىن تۈرلىرى ئىچىدە ① رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇپ، ② ھەزەجى مەسەممەنى سالىم، ③ رەمەلى مۇسەممەنى مەھبۇبى مەھزۇپ، ④ ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇپ، ⑤ مۇجتەسسى مۇسەممەنى مەھبۇبى مەھزۇپ قاتارلىق بەش خىل ۋەزىن تۈرى ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن شېئىرلىرىنىڭ تەخمىنەن 70% ىدىن ئارتۇقى مۇشۇ ۋەزىن تارمىقىدا يېزىلغان، دېمەك، ئەلىشىر نەۋائىي ئارۇزدىكى بەھر ۋە ۋەزىن تارماقلىرىنى قوللىنىشتىمۇ يۇكسەك چوققا ياراتقان.

ئالتىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ بەدىئىي ئىمكانىيەتلىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ، شائىرلار ئىچىدە ئانا تىل بىلەن كۆپلەپ ئەسەر يېزىشنى ئەڭ بۇرۇن تەشەببۇس قىلغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر.

تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان پادىشاھلار تۈركىي تىل ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈرىيلەر دۆلىتى يەنىلا ناھايىتى قويۇق بولغان پارس مەدەنىيىتى چەمبىرىكى ۋە كەيپىياتى ئىچىدە تۇرماقتا ئىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم ئەدىب، شائىرلار ئۆز ئانا تىلىدا ئەمەس، بەلكى «فارسىي شەكەرەست» (پارس تىلى شېكەر تىل)، «ئەرەبىي ئەسەلەست» (ئەرەب تىلى ھەسەل تىل) دەپ داۋراڭ سېلىپ، پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى ئابرۇي بىلىدىغان، ھەتتا تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. نەتىجىدە تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ تەقدىرى جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. نەۋائىينىڭ مىللىي غۇرۇرى ئۆز ئانا تىلىنىڭ مۇنداق تەقدىرىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا يول

قويمىدى. نەۋائىي تۈركىي تىلنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئورنىنى ۋە شۇ ئارقىلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقتى. نەتىجىدە نەۋائىي مىلادىيە 1499 ـ يىلى ئۇزىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازدى. نەۋائىي «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين»دە تۈركىي تىلىنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا جەھەتلەردىن پارس تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، تۈركىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن دەلىللىدى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى جەھەتلەردىن پارس تىلىدا مۇمكىن بولمىغان ئىپادىلەش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ بۇ خىل ئىمكانىيەتلەرگە سەل قارىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. پارسگويلۇققا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن، بىلى بوش، تەييارغا ھەييار ياش شائىرلارنى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشقا دەۋەت قىلدى، خۇددى نەۋائىي: «مەن تۈرك خەلقىنىڭ خوش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم» دېگىنىدەك، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق زاماندىشلىرىغا ۋە كېيىنكىلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە نەۋائىي ۋەكىللىكىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىلادىيە 15 ـ ئەسىردىكى ئاخىرقى قېتىملىق مەدەنىيەت گۈللىنىش دەۋرىنى، يەنى «كەنجى ئويغىنىش دەۋرى»نى مەيدانغا كەلتۈردى. نەۋائىي باشچىلىقىدىكى تۈركىي تىللىق ئەدىبلەر قوزغىغان «تۈركىي تىل ھۆنەرست» دولقۇنى ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تاكامۇللىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

يەتتىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇر ئاپتوگرافىيەسىگە ئاساس سالغان شائىر.

ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ مىلادىيە 1490 — 1491 ـ يىللىرى يېزىپ تاماملىغان ۋە بىرقانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن مىلادىيە 1497 — 1498 ـ يىللىرى قايتىدىن تولۇقلاپ ئىشلىگەن «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» (سەنئەتكارلار يىغىلىشى) ناملىق بۇ ئۇلۇغ ئەسىرى 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مىرزا شاھرۇخ، مىرزا ئۇلۇغبەگ، ئەبۇلقاسىم بابۇر، ھۇسەين بايقارا دەۋرلىرىدە ياشىغان شائىر ـ يازغۇچىلار، ئەدىبلەر ۋە ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھالى تونۇشتۇرۇلغان. ئەڭ بۇرۇن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان تەزكىرىچىلىككە ئائىت ئەسەر بولۇپ، تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەر ئەدەبىياتىدا تەرجىمىھال ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا چوڭ ھەسسە قوشقان، ئۇيغۇر ئاپتوگرافىيەسىگە ئاساس سالغان تۇنجى ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر. «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەدەبىيات تارىخى تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

نەۋائىي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ قامۇسى ھېسابلانغان بۇ ئەسەر سەككىز بابقا بۆلۈنگەن. ئەسەردە جەمئىي 458 نەپەر شائىر ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى، نەسەبى، يۇرتى، ئەدەبىي تەخەللۇسى، ماھارىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى، شېئىرىيەتتىكى ئۇسلۇبى، ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلەنگەن. ئەلىشىر نەۋائىي بۇ ئەسەردە شائىر، يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ياخشى دەپ قارالغان نەمۇنىلىك رۇبائىي، بېيىت، قىتئە، مۇئەممما، تۇيۇق، تارىخ، مەتلە قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەردىكى ئۆرنەكلەردىن پارسچە ۋە تۈركچە بولۇپ 1065 مىسرا شېئىرنى كىرگۈزگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەرنى نەۋائىي دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئانتولوگىيەسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئەسەردە يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر بەزى نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلغان. بالاغەت ئىلمىگە ئائىت قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«مەجالىسۇن ـ نەفائىس» يېزىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي شەرق مەملىكەتلىرىنىڭ شائىرلىرى، تارىخچىلىرى، ئالىملىرىنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان. 16 ـ ئەسىردە بۇ ئەسەر ئۈچ قېتىم پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، بىرىنچى قېتىم ھىجرىيەنىڭ 928 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 1521 ــ 1522 ـ يىللىرى)دا ھىراتتا تاھماسىب شاھنىڭ ساراي شائىرى پەخرىي بىننى سۇلتان مۇھەممەدئەمىرىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئىككىنچى قېتىم ھىجرىيەنىڭ 929 ـ يىلى (مىلادىيە 1522 ــ 1523 ـ يىللىرى) ئىستانبۇلدا تەرجىمە قىلىنغان. ئۈچىنچى قېتىملىق تەرجىمە تەخمىنەن ھىجرىيەنىڭ 1006 ـ يىلى (مىلادىيە 1598 ـ يىلى) شاھئەلى ئابدۇلئەلى تەرىپىدىن نىشاپۇردا دىنمۇھەممەد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئىشلەنگەن. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق تەرجىملىرى 1945 ـ يىلى تېھراندا پىروفېسسور ئەلى ئەسغەر ھېكمەت تەرىپىدىن بىر كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنغان.

سەككىزىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئانا تىلىدا ئەڭ بۇرۇن ئىران پادىشاھلىرى ھەققىدە يىرىك ئەسەر يازغان شائىر.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»دىن كېيىن ياراتقان بىرىنچى يىرىك ئەسىرى «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» («ئىران پادىشاھلىرى تارىخى») بولۇپ، 1488 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇ نەۋائىينىڭ ئىران پادىشاھلىرىغا بېغىشلاپ يېزىلغان تۇنجى تارىخ ئەسىرى. نەۋائىي بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن بۇرۇن، جەلالىيىنىڭ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»، «تارىخىي بەناكەتىي»، «قازى بەيزاۋى»، مۇھەممەد غەززالىينىڭ «نەسىھەتۇل ـ مۇلۇك»، ھەمدۇللاھ ئەل مۇستەۋفىينىڭ «گۇزىدە» (تاللانغانلار) ناملىق ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان.

نەۋائىي «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»نى يېزىپ ئىران پادىشاھلىرى ھەققىدىكى تارىخنى سىستېمىلاشتۇردى. نەۋائىي ھەقىقەتەن ئىران پادىشاھلىرى ھەققىدىكى ئەپسانە ۋە تارىخىي پاكىتلارنى ناھايىتى ياخشى، مۇكەممەل بىلەتتى. ئۇ «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»دىن بۇرۇن يازغان «پەرھاد ـ شېرىن»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرىي» قاتارلىق داستانلىرىدا ئىران پادىشاھلىرى ھەققىدىكى تارىخىي بايانلاردىن كەڭ پايدىلانغان. خۇسۇسەن «سەددى ئىسكەندەرىي»دە نەۋائىي ئىران پادىشاھلىرى تارىخىغا كۆپ ئورۇن بەرگەن. «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»دە بولسا ئەنە شۇ مەسىلىلەر ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مەۋجۇت بولغان چىگىچ، ئېنىقسىز، قارىمۇ قارشىلىقلارنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئىنتىلگەن. نەۋائىي بۇ ئەسەرگە تۈرلۈك ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى بېرىپ، ئۆز تارىخىي ئەسىرىنى ئەدەبىيلەشتۈرۈپ، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

نەۋائىينىڭ «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم» ناملىق ئەسىرى، ئۇنىڭ «خەمسە»سى بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلانغان بولۇپ، نەۋائىي ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىشتە، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى چۈشىنىشتە مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، 15 ـ ئەسىر ئەدەبىي ھاياتىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يېقىن ئالاقە باغلانغان. ئەينى دەۋردىكى تۈرك خەلقلىرى، كىتابخانلىرى پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنى بىلىشكە ئىنتىلەتتى. ئەبۇلقاسىم پىردەۋسىي، ئابدۇرەھمان جامىي، نىزامىي گەنجەۋى، خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئىران ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، تارىخلىرى بىلەن يېقىندىن باغلانغانىدى. ئىران ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى، تارىخىي ئەسەرلىرىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش قىيىن ئىدى. شۇنىڭدەك، نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىدە ھەم يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئىران ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، تارىخىي قىسسەلىرىنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى.

نەۋائىي تۈركىي ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەنە شۇنداق تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىنى ئىران پادىشاھلىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، بۇ ھەقتە قەلەم تەۋرەتتى.

ھەمدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي - سىياسىي قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»نى يېزىپ، ئانا تىلىدا تارىخ تېمىسىدىكى ئەسەر يېزىشنىڭ بىر ئۈسلۇبى ۋە ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى.

توققۇزىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي ئانا تىلى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان شائىر، شۇنداقلا ئەسەرلىرىنىڭ ھەجىممۇ ئەڭ چوڭ دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئاتىۋەتكەن، ئۆز دەۋرىنىڭ «زۇللىسانەين» (قوش تىل ئىگىسى) ھېسابلانغان ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى، ئۆز ئانا تىلىدا ۋە پارس تىلىدا ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى رويابقا چىقارغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

I دىۋانلار: «خەزائىنۇل - مەئانى» (چاھار دىۋان، 53 مىڭ مىسراغا يېقىن)

1. «غەرايىبۇس - سىغەر»، 2. «نەۋادىرۇش - شەباب»، 3. «بەدايىئۇل - ۋەسەت»، 4. «فەۋائىدۇل - كىبەر»، 5. «دىۋانى فانى» (پارسچە دىۋانى، 12 مىڭ مىسرا)

II. «خەمسە»سى (53 مىڭ مىسرا): 6. «ھەيراتۇل - ئەبرار»، 7. «فەرھاد ۋە شىرىن»، 8. «لەيلى ۋە مەجنۇن»، 9. «سەبئەئى سەييار»، 10. «سەددى ئىسكەندەرىي»

III. تەزكىرىلەر: 11. «مەجالىسۇن - نەفائىس»، 12. «نەسائىمۇل - مۇھەببەت».

IV. تىل - ئەدەبىياتقا دائىر ئىلمىي ئەسەرلەر: 13. «رىسالەتى مۇئەممما»، 14. «مىزانۇل ئەۋزان»، 15. «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين»

V. دىنىي ئەخلاقىي ئەسەرلەر: 16. «مۇناجات»، 17. چېھىل ھەدىس، 18. «نەزمۇل - جەۋاھىر»، 19. «لىسانۇت - تەير» (7196 مىسرا) 20. «سىراجۇل مۇسلىمىن»، 21. «مەھبۇبۇل - قۇلۇپ»

VI. تارىخىي ئەسەرلىرى: 22. «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»، 23. «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»، 24. «زۇبدەتۇت - تەۋارىخ»

VII. تەرجىمىھال ئەسەرلىرى: 25. «ھالاتى سەيىد ھەسەن ئەردەشىر»، 26. «خەمسەتۇل - مۇتەھەييىرىن»، 27. «ھالاتى پەھلەۋان مۇھەممەد»

VIII. ۋەسىقىلەر: 28. «ۋەقفىيە» 29. «مۇنشەئات»، ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى ھەقىقىي قوش تىللىق مول ھوسۇللۇق ئەدىب، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى ئالدى بىلەن ئانا تىلى بولغان تۈركىي تىلىدا شۇنداقلا پارس تىلىدا ئېلىپ بارغان. تۈركىي تىللىق ئەدىبلەر ئىچىدە ئەسەرلىرىنىڭ سانى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ھەجىم جەھەتتىن بولسۇن «ئەڭ»لەرنى ئەلىشىر نەۋائىيدەك كۆپ ياراتقان يەنە بىر زاتنى مۇبارەكنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى ئاتاش، نەۋائىي ھەزرەتلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش بەسى مۈشكۈلدۇر.

ئونىنچى، ئەلىشىر نەۋائىي دۇنيا كىلاسسىكلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەڭ كۆپ سۆز ئىشلەتكەن «مەلىكۇل كەلام» دۇر.

يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلەتكەنلىكى يالغۇز ئۇلارنىڭ سۆز تالانتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىنى ئەمەس، بەلكى شۇ مىللەتنىڭ سۆز بايلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان مۇھىم نۇقتا ھېسابلانسا كېرەك.

ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى نەشر قىلغان، فىلولوگىيە كاندىداتى بەھرام بەقائېۋنىڭ «نەۋائىي ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تۈرلۈك ژانىرلاردا يازغان 24 پارچە ئەسىرىدە ئىشلىتىلگەن بارلىق سۆزلەرنى ستاتىستىك، لېكسىك - گىراماتىكىلىق، سېمانتىك، ئېتىمولوگىك، تېماتىك، گېنېئاللوگىك جەھەتلەردە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قانچە سۆز ئىشلەتكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىققان ۋە ئۇنى دۇنيا كىلاسسىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغان.

پۇشكىن ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىي 21 مىڭ 197 سۆز، شېكىسپىر ئۆز ئەسەرلىرىدە 20 مىڭچە،

سېرۋانتىس 18 مىڭدەك، ئابدۇللا توقاي 14 مىڭ، ئاباي بولسا 6000 سۆز ئىشلەتكەن. خوش، ئەلىشىر نەۋائىي — «فەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا بولسا 5431 سۆز ئىشلەتكەن. بەھرام بەقائىيۇنىڭ ھېسابلىغىنىغا قارىغاندا، نەۋائىينىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە تەخمىنەن 1 مىليون 378 مىڭ 667 سۆز ئىشلىتىلگەن. ئۇلار 26 مىڭدىن 35 مىڭ لېكسىك بىرلىككە ئومۇملاشقان.

«نەۋائىي ئەسەرلىرى لېكسىكىسى» ناملىق كىتابتا يەنە شائىر ئەسەرلىرى لېكسىكىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسى ئىشەنچلىك دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەسىلەن، نەۋائىي «غەرايىبۇس ـ سىغەر» ئەسىرىدە 7669 سۆز قوللانغان بولسا «مۇھاكىمەتول ـ لۇغەتەيىن»دە 665 سۆز قوللانغان.

مۇئەللىپ يەنە نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ لېكسىك، گىرامماتىك كۆلىمىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، قايسى سۆزنىڭ قايسى ئەسەردە قانچە قېتىم ئىشلىتىلگەنلىكىنى ۋە قانداق مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقىنىمۇ ئىنچىكە ھېسابلاپ چىققان. مەسىلەن، نەۋائىي «باش» سۆزىنى «چاھار دىۋان»نىڭ تۆتىنچىسىدە 249 ئورۇندا قوللانغان. نەۋائىي ئۇنى 50 خىلغا يېقىن مەنىدە ئىشلەتكەن.

دېمەك، ئەلىشىر نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە دۇنيا كىلاسسىكلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئەڭ كۆپ سۆز ئىشلەتكەن. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ھەقىقىي «مەلىكۇل كەلام» (تىل پادشاھى) دەرىجىسىگە يەتكەن ئەللامىدۇر.

خۇلاسە كالام، نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەدەبىياتقا ئاتاپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ، ئەدەبىيات بەيگىسىدە زەپەر قۇچۇپ، ئۆزىنىڭ جاسارىتى، ئىزدىنىشلىرى ۋە باشقا ئىنسان زاتىغا ئاز نېسىپ بولىدىغان پەۋقۇلئاددە تالانتى، ماھارىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتولگەن «ئەڭ»لەرنىڭ — تۇنجىلارنىڭ رېكورتلىرىنى يارىتىپ، جاھان سەنئەت تارىخىدىكى تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ مىسلىسىز ماھارەت ئىگىسى سالاھىيىتىدە ئۇتتۇرىغا چىققان كاتتا زاتتۇر.


**پايدىلانمىلار:**

△ ئەلىشىر نەۋائىي: «غەرايىبۇس ـ سىغەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
△ ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكىمەتول لۇغەتەيىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.
△ ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
△ ئەلىشىر نەۋائىي: «تاللانما ئەسەرلەر توپلىمى» (10 توم)، تاشكەنت، 2012 ـ يىلى نەشرى.
△ ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇت تەير» ئەنقەرە، 1995 ـ يىلى نەشرى.
△ «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، 6 ـ توم، تاشكەنت، 2003 ـ يىلى نەشرى.
△ مىرزا مۇھەممەدھەيدەر ئايازىي: «تارىخىي رەشىدى» تاشكەنت، 2011 ـ يىلى نەشرى.
△ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2 توم)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
△ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى» (2 ـ توم)، تاشكەنت «پەن» نەشرىياتى، 1978 ـ يىلى نەشرى.
△ زەمىر سەئىدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
△ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
△ «نەۋائىي قانچە سۆز ئىشلەتكەن؟»، «ئۆزبېكىستان ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى»، 1986 ـ يىلى 10 ـ يانۋار.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

# نىزارىينىڭ «رابىيە ـ سەئدىن» داستانىدىكى سوپىستىك بايانلار

ئابدۇنىياز ئىمىن

ئابدۇرەھىم نىزارىي 18 ـ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېتۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە تالانتلىق شائىردۇر. «ئۇنىڭ ئىدىيەسى داستانلىرىدا بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغىنى گۇمانىزملىق ئىدىيە بولۇپ، ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش، كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمەتنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان گۇمانىزملىق روھ نىزارىي داستانلىرىدىكى بىر ئاساسىي ئىدىيەدۇر»[1]. ئۇنىڭدىن باشقا، «نىزارىي ياشىغان دەۋرلەردە تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئىدىيەۋى خاھىش ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن نىزارىي ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»[2]. شۇڭا، ئۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، بولۇپمۇ پارس ـ تاجىك شائىرى جامىي، ئۇيغۇر شائىرى نەۋائىينىڭ تەسىرىگە ئالاھىدە كۈچلۈك ئۇچرىغان»[3].

ئۇنىڭ كىلاسسىك موتىفلارغا ياندىشىش ئاساسىدا روياپقا چىقارغان «لەيلى ـ مەجنۇن»، «پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى قويۇق تەسەۋۋۇپلۇق ئىدىيە بىلەن سۇغىرىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرمۇشتا يۈز بېرىۋاتقان رېئال مەسىلىلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان نامايەندە خاراكتېرلىك ئەسەر «رابىيە ـ سەئدىن» داستانىمۇ تەسەۋۋۇپلۇق بايانلار بىلەن تويۇنغان. شائىر داستانىنىڭ بېشىدىلا:

مەيى ئىشقىدىنكىم كىشى نۇش ئېتەر،
كېتەر ئۆزلۈكىدىن، جۇنۇن جۇش ئېتەر[4].

دەپ يازغان. «تەسەۋۋۇپ پىكرىگە كۆرە، ۋۇجۇدى ئىشق ئوتى بىلەن ئۆرتەنگەن ئاشىقنىڭ پۈتكۈل پىكرى خىيالى يار ۋەسلىگە ئېرىشىش بىلەن بەندكى، ئۇنىڭ قەلبىگە بۇ ئىشقتىن ئۆزگە ھېچنەرسە سىغمايدۇ. ئەگەر ئاشىقتا زەررىچە ئۆزگە خىيال بولسا، ئۇ چىن ئاشىق ئەمەس، ئاشىققا لايىقمۇ ئەمەس»[5]، شۇڭا قەلبىگە ئىشق ئوتى تۇتاشقان ئاشىقنىڭ ئۆزلۈكى ھەققىدە ئويلاشقا ئەسلا رايى ۋە مادارى يوق. دېمەك، ئىشق شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ «فەنا» بولۇشىغا، نىزارىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئۆزلۈكىدىن كېتىش»ىگە بىر ۋاسىتىدۇر.

نىزارىي داستاننى باشلاش بىلەن تەڭلا «رابىيە ـ سەئدىن»دىن ئىبارەت ئاددىي كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاددىي مۇھەببەتنى تەسۋىرلەش بىلەن بىللە، تەسەۋۋۇپ مەنىسىدىكى ئىشق ـ مۇھەببەت قارىشىنىمۇ داستانغا سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ.

ئەگەر ئىشق ئىسىدىن بوي ئالسا دىماغ،
مەكانۇ زەماندىن تاپار ئول فەراغ.

مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ قارىشىچە، «ئىنساننى ھۆسنى مۇتلەققە يەتكۈزىدىغان يول پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ساپ مۇھەببەت (ئىشق)، تىن ئىبارەت»[6] بولۇپ، «ۋۇجۇدى ئاللاغا بولغان ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق بولسا پەقەت ھۆسنى مۇتلەقنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچنەرسىنى تەلەپ قىلمايدۇ»[7] دەيدۇ، ئۇنىڭدا نە ئۆي ـ ماكان، نە بايلىق تەمەسى بولمايدۇ. خۇددى نەۋائىي:

فەنا مەيخانىسىدە قىل گەدالىق،
دېسەڭكىم بولمايىن سۇلتانىغا مۇھتاج[8].

دېگىنىدەك، ئۇنىڭدا يەنە باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاش ۋە قورقۇش، تەشۋىشلەر بولمايدۇ. چۈنكى، «ئىشق ئىسىدىن بوي ئالغان» بۇ دىماغ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، «ئۆزلۈكىدىن كەتكەن».

كى تەسبىھ دانە قولىدا ئىدى،
ھەمىشە فەنانىڭ يولىدا ئىدى[9].

تەسەۋۋۇپتا بىلىشنىڭ باسقۇچىنى جالالىدىن رۇمىي باشلىق بىر قىسىم مۇتەسەۋۋۇپلار «شەرىئەت، تەرىقەت، ھەقىقەت» تىن ئىبارەت ئۈچ (باسقۇچ) كە بۆلگەن بولۇپ، ناماز قاتارلىق بەش پەرزنى شەرىئەت يەنى تەسەۋۋۇپتىكى بىلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى دەپ قارىغان. بۇنى قىلمىغان كىشىنىڭ تەسەۋۋۇپچى بولۇش سالاھىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. نىزارىينىڭ سەئىدىنى يۇقىرىقىدەك ئىبادەتكە بېرىلگەن قىلىپ تەسۋىرلىشى ئۇنى شەرىئەتكە قاتتىق بېرىلگەن مۇتەسەۋۋۇپ قىلىپ كۆرسىتىشتىكى ئەڭ ئاددىي بىر ئىسپاتى بولسا

كى ئىبراھىم ئولمىش مۇسەممىما ئاڭا،
ئىدى دىن ئىشىدا تەمەننا ئاڭا[10].

دېگەن بېيىتلار نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىدىكى پەرھاد ئوبرازىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ، نەۋائىي بۇ ئوبرازنى شۇنداق كۆيۈپ ـ پىشىپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇكى، ئۇنى بارلىق قابىلىيەت، پەزىلەت، ئەردەم ـ مەرىپەت، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەمگەك ـ سەنئەت ئەھلىنىڭ يارقىن تىمسالى قىلىپ تەسۋىرلەش بىلەن بىللە[11]، ئۇنىڭ ئىسمىغىمۇ ھەربىر ھەرپى ئىشق بىلەن مەنداش كېلىدىغان «پىراق، رەشك، ھەجر، ئاھ، دەرد»تىن ئىبارەت بەش ھەرپىدىن تۈزۈلگەن «فرحاد» («فەرھاد») دېگەن ئىسىم بېرىلىدۇ[12]. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىشقىنىڭ ئۆزى قويىدۇ. تىلى چىققان دەقىقىدىن باشلاپلا ئىشق ۋە ئاشىقلىق ھەققىدە سۆزلەيدۇ. دائىم غەمكىن يۈرىدۇ. دۇنيا ئىشلىرىغا قىزىقمايدۇ. بالىلىقىدىنلا ئالاھىدە ئىستېداتى، پەۋقۇلئاددە قابىلىيىتى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنى ھەيرەتكە سالىدۇ. ئىلىملەرنى شۇنچىلىك تېز ئۆزلەشتۈرۈپ بارىدۇكى، 10 يېشىدا ئىلىمنىڭ ھەممىسىدە كامالەتكە يېتىدۇ. دېمەك، نىزارىي ۋە نەۋائىيلارنىڭ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىكى ئوخشاشلىقلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلارنىڭ كۆيلىگىنى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىشق ـ مۇھەببەت بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئىشق (ئىلاھىي ئىشق)قا يول ئاچىدىغان مەجازىي ئىشق (ئىنسانىي ئىشق)، يەنى نەۋائىينىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئاۋاملار ئىشقى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ئىشق (ئىلاھىي ئىشق)قا يېتىش يولىنى كۆرسىتىش ئىدى.

جەھانسازلىقىدىن ئول ئېردى يىراق،
گۇداز ئەتتى ئانى سەمۇمى فىراق[13].

تەسەۋۋۇپتا ئۈزۈكسىز تائەت، ئىبادەت، پىكىر قىلىش ئارقىلىق يېتىدىغان ئەڭ يۇقىرى بىلىش دە-

رىجىسى ھەقىقەت باسقۇچى بولۇپ، سەئىدىن گەرچە بۇ باسقۇچقا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىلىش، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ ، «فەنا» بولۇشتىن ئىبارەت بىر «فىراق» ئۇنى قىينايدۇ. ئۇنىڭ خىيالىغا نە تۇرمۇش، نە قويغان ـ تۇتقىنى كەلمەيدۇ.

نەكىم بىر پەرىغە بولۇپ ئول ئەسىر
جەرىھ ئەتتى مىژگانلارى مىسلى تىير[14].

«فەنا» ھەقىقىدىكى بايانلاردىن كېيىنلا بىرىلگەن يۇقىرىقى بېيىت ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. نەزارىي زادى قايسى «پەرى»نى دېمەكچى؟ ئۇزى باشتا دەپ ئۆتكەن، ئىشق ئوتىدا «گۇداز ئەتكەن» ھۆسنى مۇتلەقنىمۇ ياكى رابىيەنىمۇ؟ قانداقسىغا سەئىدىننى «جەھانسازلىقتىن ئول ئەردى يىراق» دەپ تورۇپ يەنە «ھەمىشە فەنانىڭ يولىدا» تۇرغان سەئىدىننى بىر رېئال يارغا باغلاپ قويىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيلا قالماستىن، ئەسلىدىكى «فەنا» بولۇپ، ھۆسنى مۇتلەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىنىمۇ بىراقلا يوقلۇق بىلەن تۈگەللەنگەن قىلىپ داستاننى ئاياغلاشتۇرىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، «يوقلۇق ـــ ھەممە دېمەكتۇر»، شۇڭا جالالىدىن رۇمىي «ئۆلۈپ يوق بولۇش»نى ھۆسنى مۇتلەق بىلەن قوشۇلغان توي كېچىسىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا «ۋىسال كېچىسى»گە ئوخشاتقانىدى. شۇنداق بولغاندا، نىزارىي ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى بولغان سەئىدىننى ئۆلۈم ئارقىلىق يەنە ئەسلىدە يەتمەكچى بولغان «فەنا» مەقامىغا ئېلىپ بارىدۇ. سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى مۇھەببەت بولسا پەقەت بىر تاۋلىنىش، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش جەريانىدۇر. نىزارىينىڭ سەئىدىندىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى بىرىگە كۆيدۈرۈشى پەقەت ئىشقىنى تاۋلاپ، ئۇنىڭ كۆيۈكىنى بۇرنىمىزغا پۇراتقۇزۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن بىر ۋاستىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن تەھلىل قىلساق، بۇ يەردە دېيىلمۇۋاتقان پەرىمۇ دەل سەئىدىن ئېرىشمەكچى بولغان يار، يەنى ئاللانىڭ ئۆزىدۇر، چۈنكى جالالىدىن رۇمىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئايال پەقەت مەشۇقلا ئەمەس، پەقەت بەندىلا ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىنىڭ ئۆزىدۇر»[15].

شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتىدا مۇنداق ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەجازىي ئىشق (ئىنسانىي ئىشق)تىن ئېشىپ ھەقىقىي ئىشق (ئىلاھىي ئىشق)قا يېتىش مەزمۇن قىلىنغان ئەسەرلەر خېلىلا كۆپ. نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانى بۇنىڭ تىپىك ئۈلگىسىدۇر. ئەمەلىيەتتە، نەۋائىينىڭ بۇ داستاندا دەۋاتقىنى پەقەت پەرھاد بىلەن شېرىندىن ئىبارەت ئىككى ياش ئارىسىدىكى ئاددىي مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى بىر روھىي پەللىدىن يەنە بىر روھىي پەللىگە يېتىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىلىشنىڭ دەرىجە جەھەتتىن يۇقىرىلاپ مېڭىشتىكى ناھايىتى ئۇزاق جەريانى بولۇپ، نەۋائىي پەرھاد بىلەن شېرىننى يېزىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ روھىيەت قاتلىمى خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. شۇڭا، نەۋائىي پەرھادنى «ئۆزىنى بىلىش»نى ئۆزىنىڭ ئاساسىي تەلىماتى قىلغان سوقرات بىلەن كۆرۈشتۈرىدۇ[16].

«ئايا، سىز جان تىكىپ ھەردەمدە ئىزدەيسىز ئىلاھىينى
ئۇنى ئىزدەش نە ھاجەتتۇر، ئىلاھىي سىز، ئىلاھىي سىز»[17].

دەپ قارايدىغان مۇتەسەۋۋۇپلار ئۇچۈن ئۆزىنى بىلىش ئېنىقكى ئاللانى بىلىش بولۇپ، شۇ ئارقىلىق نەۋائىي ئۇنىڭ «ھەقىقىي ئىشق» (ئىلاھىي ئىشق) قا يېقىنلاۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «تەسەۋۋۇپتىكى مانا شۇ مەجازىي ئىشق ئارقىلىق ھەقىقىي ئىشققا ئۆتۈشتىن ئىبارەت ‹ھەقىقىي ئىشق› كۆزقارىشى يەنى ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراش نەۋائىي ئىدىيەسىدە ناھايىتىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ»[18]، بۇنى نەۋائىينىڭ «پەرھاد ـ شېرىن» داستانىدا:

كىم ئول ئىككى قەدەمنىڭ قەتئى مىڭ يىل،
كىشى ئۇرسا قەدەم مۇمكىن ئەمەس بىل[19].

دەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئىككى قەدەم» ھەرگىزمۇ فىزىكىلىق ئارىلىق ئەمەس، بەلكى دەل بىر روھىي پەللىدىن يەنە بىر روھىي پەللىگە كۆتۈرۈلۈش جەريانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن روھىي جەھەتتىن ئۇزاق مۇددەت تاۋلانغاندىلا ۋە سىناقنى باشتىن كەچۈرگەندىلا، ئاندىن بۇ ئىككى قەدەمنى بېسىپ ئۆتكىلى بولىدۇ.

شەرق ئەدەبىياتىدا ھەممىمىزگە تونۇش يەنە بىر ئەسەر بار، ئۇ بولسىمۇ «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قىسسىسىدۇر. بۇ قىسسىدە، دەسلەپ مىسىر مەلىكىسى زۇلەيخا ئۇلارغا قۇل بولۇپ كىرگەن يۈسۈپنى پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن قوغلىشىدۇ، ئۇنىڭ قەددى - قامىتى ۋە تەڭداشسىز جامالىغا مەپتۇن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئوردا - سارايلارنى سالدۇرىدۇ، يېمەكنى يېگۈزىدۇ، كىيىمنى كىيدۇرىدۇ. بىراق، يۈسۈپ ئاللاغا بولغان مۇھەببەتنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. زۇلەيخا ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللانسىمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈم بەرمەيدۇ. كېيىن يۈسۈپ ئوردىدا ۋەزىر بولىدۇ ۋە دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى باشقۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككىسىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، بولۇپمۇ ئىشق ئوتىدا قىرىق يىل پۇچىلانغان زۇلەيخانىڭ چىرايلىرى سارغايغان، كۆزلىرىدىن نۇر كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھىدىن چىققان ئوت يۈسۈپنىڭ قولىدىكى قامچىغا تۇتىشىپ، ئاخىرىدا بۇ ئوت يۈسۈپنىڭ قەلبىگە تۇتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ زۇلەيخانى ياخشى كۆرۈشكە باشلايدۇ ۋە بارا - بارا ئۇنىڭدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالىدۇ. بىراق، بۇ چاغلاردا زۇلەيخا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تائەت - ئىبادەتكە بېرىلگەن بولۇپ، باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇيدۇ ھەم كۆڭلى تارتىپ كەلگەن يۈسۈپكە «ئىلگىرى خۇدايىتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەيتتىم، مېنىڭ پىكىر - خىيالىم ھەمىشە سىزدە ئىدى. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن بۆلەك ئىش كۆڭلۈمگە كەلمەيتتى. ئەمدى ھەقتائالانىڭ تائىتىدىن بۆلەك ئىش يادىمغا كەلمەيدۇ»[④] دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەمەلىيەتتە، زۇلەيخانىڭ قەلبىگە سىڭىنغان يۈسۈپ مۇھەببىتى ۋەسىلىسىمۇ دەل ئۇنىڭ تاۋلىنىپ، مەجازىي ئىشقتىن ھەقىقىي ئىشققا ئۆتۈشتىكى بىر ۋاستىدۇر. ئەگەر ئۇ ئاۋامىلار ئىشقىدا تاۋلانمىسا ئىدى، زۇلەيخا بەلكىم مەڭگۈ خاسلار ئىشقىنى بىلمەي، ئۇنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «خۇدايىتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەي» ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

داستاننىڭ بېشىدا سەئدىننىڭ «فەنا» يولىدا كېچە - كېچىلەپ ئىبادەت بىلەن تاۋلىنىشىنى سۆزلەپ ئۆتۈشىمۇ ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس بولۇپ، بۇ، دەل ئۇنىڭ ئادەتتىكى مۇھەببەت ئەمەسلىكىگە قىلىنغان ئىشارىدۇر.

دېمەك، داستان گەرچە رېئال تېمىلارغا ياندىشىپ، كىلاسسىك موتىفلاردىن تامامەن ئايرىلىپ چىققان دەك قىلسىمۇ، بىراق شەرق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە خاھىش لىنىيەسىنى بويلاپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ يەنىلا شەرق تەسەۋۋۇپ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، كىچىكلىتىپ ئېيتقاندا، بەدىئىيلىك جەھەتتىلا ئەمەس، پەلسەپىۋى مەزمۇن جەھەتتىمۇ نەۋائىي قاتارلىق ئۇستازلارغا يارامىلىق بىر ئىزداش بولالىغانلىقىنى بايقايمىز.

ئىزاھاتلار:

① گۈلنۇر غوپۇر: «سوپىزم ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013 - يىلى 2 - ئاي نەشرى، 113 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 114 - بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 113 - بەت.

④ ئابدۇرەھىم نىزارىي: «نىزارىي داستانلىرى» (تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلى-

غان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 494 ـ بەت.

⑤ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-تى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى، 152 ـ بەت.

⑥ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 28 ـ بەت.

⑦ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 29 ـ بەت.

⑧ ئىبراھىم ھەققۇل: «نەۋائىي شېئىرىيىتىدە فەنا تەلقىنلىرى» (زۇلپىيە ئىسمايىل ئۇيغۇرچىلاش-تۇرغان)، «بۇلاقكۆل»، 2012 ـ يىلى 2 ـ سان.

⑨ ئابدۇرەھىم نىزارىي: «نىزارىي داستانلىرى» (تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 495 ـ بەت.

⑩ ئابدۇرەھىم نىزارىي: «نىزارىي داستانلىرى» (تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلى-غان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 495 ـ بەت.

⑫⑪ ئىمىن تۇرسۇن: «نەۋائىي ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 93 ـ بەت.

⑬ ئابدۇرەھىم نىزارىي: «نىزارىي داستانلىرى» (تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 495 ـ بەت.

⑭ ئابدۇرەھىم نىزارىي: «نىزارىي داستانلىرى» تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان) مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 495 ـ بەت.

⑮ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، 211 ـ بەت.

⑯ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 280 ـ بەت.

⑰ رادىي فىش: «جالالىددىن رۇمىي» (ھاكىم مۇسا تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 63 ـ بەت.

⑱ ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 282 ـ بەت.

⑲ ئەلىشىر نەۋائىي: «پەرھاد ـ شىرىن» (رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 321 ـ بەت.

⑳ ناسىرىددىن رابغۇزىي: «قىسەسسۇل ئەنبىيا»، (ھاجى غوجا ئابدۇللا ئوسمان نەشرگە تەييارلىغان) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 3 ـ نەشرى، 230 ـ بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى 2013 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# ھىرقەتىي (گۇمنام) لىرىكىلىرىدا ئىنسانىي مۇھەببەت تېمىسى

ئەمەت دەرۋىش

17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام » داستانى بىلەن چوڭ شۆھ-رەتكە ئىگە بولغان مۇھەممەدئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىي(گۇمنام ) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالا-ھىدە سالماق ئورۇن ئىگىلەيدىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ھىرقەتىينىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەدئىمىن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجامقۇلى بولۇپ، ھىرقەتىي ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. ئىلگىرى ئېلان قىلىن-غان ماتېرىياللاردا خىرقەتى (خىرقىتى — يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى) دەپ ئېلان قىلىنغان. ئىلمىي خادىملار شائىرنىڭ قول يازمىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ تەخەللۇسىنىڭ «ھىرقەتىي» (كۆيۈپ يانغۇ-چى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شائىر «گۇمنام» تەخەللۇسىنى قول-لىنىپ نۇرغۇن لىرىكىلارنى يازغان. 11 ـ غەزىلىدە شائىر ئۆزىنىڭ ھىرقەتىي تەخللۇسىنى مۇنداق ئاش-كارىلىسا:

ئىچىم لەئل ئولدى فۇرقەتىدىن، كۆزۈم دۇر يىغدى ھەيرەتدىن،
ئاياغ ـ باش شۇئلە ھىرقەتدىن بۇ ياڭلىغ تەختۇ تاجىم بار.

يەنە بەزى ئىلمىي خادىملار نەشرگە تەييارلىغان 21 ـ غەزىلىدە ھەر ئىككى تەخەللۇسنى مۇنداق قول-لىنىدۇ:

ھىرقەتىي ئىشق سايە ئىستەر باغۇ بوستانلار ئارا،
سايە گۇستەرلىق سېنىڭكى باغۇ بوستانىڭدەدۇر.

... ... ... ...

بەندەئى گۇمنامنى مىڭ جەۋرى ئىلە قەتل ئەيلەدىڭ،
ھەرنە قىلساڭ سەن قىلۇرسەن ئەمرى فەرمانىڭدادۇر.

شائىر تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كاشغەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ باغچى يېزىسىدا باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىر دەسلەپكى باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەك-تەپلەردە ئالغاندىن كېيىن، كاشغەرگە كېلىپ زامانىسىنىڭ داڭلىق مەدرىسەلىرىدىن بولغان خانلىق مەد-رىسەسىدە ئون نەچچە يىل بىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئانا تىل گىرام-ماتىكىسىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن سىرت، كلاسسىك شائىرلاردىن نەۋائىي، فۇزۇلىي قاتارلىقلارنىڭ نادىر شېئىرلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇپ، ئۆزىدىكى شېئىر يېزىش قىزغىنلىقى ئاساسىدا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

شائىر ئۆز يۇرتى باغچى يېزىسىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاتا كەسپى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇ-غۇللىنىش بىلەن بىرلىكتە شېئىر يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئۇ 30 ياشلارغا تولغان مەزگىللەردە دادىسى خوجامقۇلى بىلەن بىرلىكتە ئاپاق خوجىنىڭ باغچى يېزىسىدىكى «باغى ئېرەم» دەپ ئاتىلىدىغان بېغىدا باغۋەن، چىراغچى، كاۋاپچى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق مەلۇ-

ماتلارنى بېرىدۇ: «بۇ كىتابغە ‹مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام› ئات قويدۇم. ئەگەر كىشى ساھىب تەسنىفنىڭ كەلامىن ئىشتىپ، نامىن بىلەيىن دېسە، مەجھۇل قالماسۇن، مەئلۇم بولسۇن ۋە مۇبھەم بولماسۇن، مەفھۇم بولسۇن دەپ، ھەدەفى نامىمنى ۋە تەرتىبى مەقامىمنى تەئيىن قىلدىكىم، مۇھەممەدئەمىن ئىبنى خاجەمقۇلى ۋە ئازادەلەر باغىنىڭ بۇلبۇلى ۋە مېھنەت تاغىنىڭ گۇلى..... بەندەئى ئەۋلادىي مۇھەممەد كاشغەر ۋەلايەتىدىن، تازغۇن دەھى، پىر ھىدايەتىدىن خالىي، ئارغۇن رەھىدىن قىشلاغى باغچى مەنسەبى ھەم باغچى ۋە سانى چىراغچى ۋە سالىسە كەبابچى، بۇ ئىشلار ۋە بۇ رەۋىشلەر زۇبدەئى پەيغەمبەرزادەلەر ۋە شەھ ئازادەلەر دەۋرىدەدۇر»[1]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت ۋىلايىتى بوستانلىق ناھىيەسىنىڭ باغىستان يېزىسىدىن بولغان ئىساق ئىبنى زىياۋىدىن تەرىپىدىن ھىجرىيە (1130 ـ 1719 ـ يىللىرى) يېزىلغان «تەزكىرەئى قەلەندەران»دا بېرىلگەن مۇھەممەدئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىيگە دائىر بايانلارمۇ بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

«تەزكىرەئى قەلەندەران»نىڭ ئۈچىنچى لەۋھەسىدە مۇنداق بايانلار بار: «پىرمەت سىتارى رىۋايەت قىلىدۇركىم، بىرنەچچە پۇرسەت فەقىر ۋە مەشرەبى مەجزۇب خوجام پاشانىڭ يازلىق قەرارگاھى بولمىش گۇلباغ مەۋزەئىندىكى باغىدا خىزمەت ئەداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزەئى رىزۋاندىن نىشانە ئېدى. جەننەتمىسال باغىنىڭ مۇتەسەددىسى خوجا پاشا خىشلەرى بولمىش مۇھەممەدئەمىن خوجامقۇلى ھىرقەتىي ئېدى. مەزكۇر ھىرقەتىي يەنە گۇمنام تەخەللۇس قىلۇر ئەردى. ئانىڭ قەلەمىدىن بەغايەت پۇرمەئنى ئەبياتلار زۇھۇرغا كەلمىشدىكىم، گۇمنام ئۇلارنى بىر يەرگە جەملەپ ئەشئار دىۋانى ھەم تەرتىپ بەرمىش»[2].

ھىرقەتىي لىرىكىلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ئىنساننىڭ ئىنسانىي خىسلەتلىرىدىن بىرى بولغان پاك ئىنسانىي مۇھەببەتنى، ئۇنىڭ چىدام، غەيرەت ئىرادە، ۋاپادارلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن زىچ بىرىككەن سېھىرلىك كۈچىنى، ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ ئادەم پائالىيىتىدىكى كونكرېت تەرەپلىرىنى چىن ئىنسانىي ھېسسىيات، نازۇك تىل ۋاستىلىرى ئارقىلىق ناھايىتى يارقىن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. شائىر بۇ تېمىلارنى بەدىئىي تىلنىڭ سۆز سەزگۈسى، جەزبىدارلىقى، سۆزنىڭ جەلپكارلىقى قاتارلىق باسقۇچلاردا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، تولىمۇ يېقىملىق، رېئال لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىدۇ. شۇڭا، بۇ لىرىك قەھرىمان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئىنسانغا:

زاتى ئىنسان جەۋھەر ئىچرە گەۋھەرى يەكدانەدۇر،
چۈنكى ئىنسان ئىشق نەقدىغە تۇزەتكەن خانەدۇر.

دەپ خىتاب قىلىدۇ. شائىرنىڭ نەزىرىدە ئىنسان بارلىق جەۋھەرلەر ئىچىدە ئەڭ ئېسىل گۆھەر ھېسابلانغانىكەن، ئۇنىڭ بۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ھاياتى ئىشق ـ مۇھەببەت بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىدا دەپ بىلگەن. شۇڭا، ئۇ لىرىكىلىرىدا مۇشۇ ئىدىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئىنساننى بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا (كۆيۈنۈشكە)، بىر ـ بىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭا، شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمى بولغان سوپىستىك مۇھەببەتكە قارشى ھالدا رېئال ئىنسانغا بولغان مۇھەببەتنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ:

تەڭرىنىڭ كۆزۈڭ قاراسىدەك بەلاسى بارمىكىن،
كىرپىكۇ قاشىڭغە ئوخشاش ئوقۇ ياسى بارمىكىن.
ھەر نەزەر قىلغاندا تەگدى كۆڭلىمە مىڭ يەردە ئوق،
بىر ھەدەفنىڭ خەستە كۆڭلۇمدەك ياراسى بارمىكىن.

دەپ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى زاھىتلارنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت چۈشەن-

چىسىگە تۈپتىن ئوخشىمىغان ھالدا رېئال ئىنسانغا بولغان ئۆز مۇھەببىتىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، زاھىتلارنىڭ ئىنسانىنى رېئاللىقتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىتەك رەزىل قىلمىشىغا قارشى ھالدا مەردانىلىك بىلەن 14 ـ غەزىلىدە:

زۇھد ئېلىدىن روزى مەھشەر ئىستەگەي سەۋمۇ نەماز،
گۈلشەنى ھۇسنىن تىلەر ئەلنىڭ گۇناھى ئۆزگەدۇر.

دەپ چۇقان كۆتۈردۇ. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى: زاھىتلاردىن قىيامەت كۈنى ئوقۇغان ناماز، تۇتقان روزىسىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ، گۈزەل يارنىڭ جامال گۈلشىنىنى ئىزدىگەن ئىنساننىڭ گۇناھى باشقا بولىدۇ دەيدۇ. شۇڭا، بۇ قارشىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ:

ھۇر پەرى بولغان بىلەن كۆزىدە يوق جەزبى نەزەر،
بىر نەزەردە قۇل قىلۇر چەشمى سىياھى ئۆزگەدۇر.
زۇھد ئېلىدىن ئىشق ئېلى ھەرگىزدە كۆز تۇتماس پەناھ،
بۇ نەزەر باز ئەھلىنىڭ پۇشتى پەناھى ئۆزگەدۇر.

دېيىش ئارقىلىق، ئۆزى بىلەن زاھىتلارنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئېنىق ئايرىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە زاھىتلارنىڭ ئەزگۈچى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئادەمدىن تويدۇرماي جان ئالىدىغان سىياسەت ۋە تۈزۈملىرىگە مەنىۋى يۆلەك بولغان، دىنىي نىقاب بىلەن ئۆزىنى نىقابلاپ، تەقۋادارلىق تونىنى يېپىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا چىققان رىياكار، ئىككى يۈزلىمە، پەسكەش ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئۆزىنىڭ بارلىق ئېتىقاد، ئىشەنچىنى رېئال ئىنسانغا باغلاپ، زاھىتلارنىڭ ئىنسانىيەتنى ئالداپ ئۇنى دىنىي قۇللۇققا باغلاپ بېرىدىغان يالغان ئېتىقادىغا قارشى قويۇپ، رىياكار زاھىتلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.

شائىر مەيلى ئىنسانغا بولسۇن، مەيلى ۋەتەنگە بولسۇن ۋە مەيلى رېئال دۇنياغا بولسۇن مۇھەببەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ئۇنداق ئاسان بولمايدىغانلىقىنى ھەم ئۇنداق ئاسان ئويغانمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، مۇھەببەتنىڭ «جاننى كۆيدۇرۇپ، باغرىنى قان قىلىدىغان، ئىنسان رەڭگىنى كۈز يوپۇرمىقىدەك سارغايتىپ، قەلبىنى ئاھۇ زارغا سالىدىغان نازۇك» مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا مۇپتىلا بولغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان روھىي ھالەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. 18 ـ غەزىلىدە ئۇ:

جانى ھايىل بولماسا ۋەسل ئىستەگەن جاندىن كېچەر،
مىڭ بەلا يۈزلەنسە ھەر كۈن، قايدا جاناندىن كېچەر.
... ... ... ... ... ...
كۆرمەگەي ھەرگىز بىھىشتى جاۋىداندا گۈل يۈزىن،
كىم يۈزى گۈل، كۆزى ئوتلۇغ، خارى مىژگاندىن كېچەر.
ئاشىغى سادىق قىيا باقماس پەرىلەر ھۇسنىگە،
تەرك ئېتىپ جەنناتى رىزۋان ھۇرى غىلماندىن كېچەر.

(قورقۇنچاق بولمىسا، ۋەسل ئىستىگەن جاندىن كېچىدۇ. كۈندە مىڭ بالا يۈزلەنسىمۇ، لېكىن جانانىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. جەننەتنىڭ گۈل يۈزلىرىنى ئەبەدىي كۆرمىسە كۆرمەيدۇكى، ھەر كىم يۈزى گۈلدەك،

كۆزى ئوتتەك، كىرپىكلىرى تىكەندەك گۈزەللەردىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ئاشىق سادىق بولسا پەرىلەر-نىڭ ھۆسنىگە قىيامۇ باقمايدۇ. جەننەتى رىزۋاننىڭ ھۆرلىرىنىمۇ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ).
دەپ يېزىپ، ساپ ئىشق - مۇھەببەتكە بېرىلگۈچى ھەقىقىي ۋىجدانلىق ئاشىقنىڭ ئاتەشىن يۈرىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق مۇھەببەتتە ساپلىقنى ۋە ھەقىقىيلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. شائىرنىڭ غەزەللىرىدە بۇ خىل مەزمۇنلارغا بېغىشلانغان لىرىكىلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭغا ياندىشقان ھالدا ئاياللارنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ھەقىقىي تۇردە يۇقىرى كۆتۈرۈشكە بېغىشلانغان شې-ئىرلارمۇ بار. ئۇ 44 - غەزىلىدە :

بەرگى گۈل يەڭلىغ كەفى پايىغە نەئلەين ئولماسام،
ئىززەتىم ئولدۇر ئاياغى ئاستىدا بولسام فەتەك.

(ئۇنىڭ گۈل بەرگىدەك پۇتلىرىغا بىر جۈپ كەش بولالمىغاندىمۇ، ئايىغى ئاستىدا پېتەك بولسام چوڭ ئىززەت تاپاتتىم) دەپ يازغان بولسا، 7 - غەزىلىدە:

قاشىڭ كۆرگەچ نېچۈك ئايلانمايىنكىم قىبلەگاھىمدۇر،
ئاياغىڭغا نېدىن باش ئۇرماغايمەن سەجدەگاھىمدۇر.
لەبىڭ ئىستەپ نېدىن جان بەرمەيىن ئابىھەيات ئاندىن،
يۈزۈڭ كۆرگەچ نەچۈك كۆز ئاچمايىن ئول بەدرى ماھىمدۇر.
چىقىپ ئۇچقۇنلار ئۇرغان ئاھ ئىلە باشىمغا چىرماشقان،
گەدالىغ شاھلىقىغا باشىمە زەررىن كۇلاھىمدۇر.

(قېشىڭنى كۆرۈپ مەن نېمە ئۈچۈن ئايلانماي، چۈنكى ئۇ مېنىڭ قىبلىگاھىم ئەمەسمۇ، ئايىغىڭغا نېمە ئۈچۈن باش ئۇرمايمەن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سەجدىگاھىم ئەمەسمۇ. لېۋىڭ مەن ئۈچۈن ئابىھايات تۇرسا، مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىستىمەيمەن، يۈزۈڭنى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈن كۆزۈمنى ئاچمايمەن، چۈنكى ئۇ مې-نىڭ تولۇن ئايىم ئەمەسمۇ. ئاھ بىلەن چىققان ئۇچقۇنلار بېشىمغا چىرماشتى، ئۇ مېنىڭ گادايلىق بې-شىمدىكى زەر كۇلاھىمدۇر) دەپ يازىدۇ.
ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دەپ قارىلىدىغان فېئوداللىق جەمئىيەتتە شائىرنىڭ مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا قارشى ھالدا مۇنداق جەسۇرانە پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا يېلىنجاپ تۇرغان ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئادەمگە ئادەمىيلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان ساپ ئىنسانىي خىسلەتنىڭ ئېنىق ئىپادىسى بولۇپ، مەلۇم تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ خىل ئىدىيەنى شائىرنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، شائىر ئىدىيەسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يۇقىرى پەللە-سى، دېيىشكە بولىدۇ.
شائىرنىڭ ئىشق - مۇھەببەت كۆز قارىشىدىن بىخلىنىپ ۋايىگە يەتكەن مۇھەببەت تېمىسىنىڭ بىرى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ بۇ ئىدىيەسى ئۇنىڭ 26 - غەزىلىدە كونكرېت ئىپادە-لەنگەن. شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئانا يۇرتى كاشغەرنى زوق - شوق بىلەن مەدھىيەلەپ، ئۇنى بارچە گۈزەل مەھبۇبلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىيدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.
ئىشق ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مېھنەت جوش ئېتەر،
تۇفراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر.

(كاشغەر دىيارى ئاللانىڭ مەرھەممىتى تېرىلغان جايدۇر؛ مۇقەددەس كاشغەر مۇھەببەت ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر. مۇھەببەت - دوستلۇق بۇلىقىدىن دەرد بىلەن جاپا - مېھنەت بۇلدۇقلاپ تۇرىدۇ؛ كاشغەرنىڭ قورغان - قەلئەلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قوپۇرۇلغاندۇر).

شائىر دەيدۇ: كاشغەر دىيارىنىڭ بۈگۈنى ئاسانلا قولغا كەلگەن ئەمەس، ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە دوستلۇق بۇلاقلىرىدىن ئۇخچۇپ تۇرغان جاپا - مۇشەققەتلەر، قورغان - قەلئەلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ھەسرەت - نادامەتلەر بۇنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۈزارى كاشغەر.

(كاشغەرنىڭ گۈزەللىرى غەمزىلىك بىرلا بېقىشى بىلەن، ھەرقانداق سەتەڭنىڭ باغرىنى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىپقىزىل قان قىلىۋېتىدۇ).

شائىر دەيدۇ: گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى كاشغەردە. ھەرقانداق گۈزەل كاشغەر سەنەملىرىنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشىپ قالىدۇ.

ئابى روكنەبات، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئەرۇر،
خۇلددىن ئەفزۇن تومەنىڭ لالەزارى كاشغەر.

(روكنەبات سۇلىرى، مۇسەللا گۈلىستانى دېگەنلەر ھېچ گەپ ئەمەس، كاشغەر گۈلزارى جەننەتتىنمۇ تومەنىڭ ھەسسە ياخشى).

شائىر دەيدۇ: جاھاندا نى - نى گۈزەل جايلار بار، ئەمما ھېچقايسىسى كاشغەر بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ. كاشغەردىن ئىبارەت بۇ لالىزارلىق ھەتتا جەننەت بېغىنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ.

كاشغەر كىشىلىرىنىڭ قەدىمدىنلا ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان قىزغىنلىقى، مەرىپەتكە بولغان مۇھەببىتى ھەم ئىلىم - مەرىپەتتە سانىسىزلىغان ئىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىغا، شۇنداقلا مەرىپەت بۆشۈكى، ئىككىنچى بۇخارا دەپ نام ئالغان ئەزىزانە كاشغەرگە بولغان چىن سۆيگۈ شائىر قەلبىدە شۇ دەرىجىدە يىلتىز تارتقانىكى، بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ ئاددىي توپرىقىنى، تاغلىرىدىكى تاشلىرىنى، كىشىگە ھايات بېغىشلىغۇچى سۇلىرىنى دۇنيادا كىشىلەر ئەڭ ئەزىزلەيدىغان ئىپار، ئابىكەۋسەر ۋە ئۈنچە - مارجانغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئادەتتىكى بىر ئوخشىتىش ياكى بىر جانلاندۇرۇش بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي بىر ۋەتەن سۆيەر كىشىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەمىمىي مۇھەببەت، ۋەتەنگە باغلانغان چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈنىڭ يارقىن نەمۇنىسى. چۈنكى، شائىر جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ ئۆزئارا يېغىلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن، جۇڭغارلار خەلقنى خالىغانچە بۇلاپ - تالاپ، خەلقنى چىدىغۇسىز تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچار قىلىۋاتقان بىر شارائىتتا ياشىدى. بۇ خىل زوراۋانلىق ۋە زىيادە زۇلۇم تۈپەيلى خەلقنىڭ ئاھ - ھەسرەت-

لىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆزىمۇ تەڭ تارتقان، ئاشۇ ئەزىز دىيارنىڭ «قورغان»لىرىنى مىليونلىغان مېھنەتكەشلەر قاتارى «ھەسرەت توپىسى بىلەن قوپۇرۇپ، ئىشق ئۆلپەت بولىقىدىن جۇش ئۇرۇپ تۇرغان دەردى مېھنەتنى تەڭ سۈمۈرگەن» شائىر زالىم، قانخور، ئىككى يۈزلىمچى، قارا نىيەت، مۇناپىق، ۋەتەن ساتقۇچ ھاكىمىيەت ئىگىلىرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن، مەرىپەت بۇلاقلىرى ئورنىغا ھەسرەت كۆز ياشلىرى ئاققان دىياردىن يەنىلا مۇھەببىتىنى ئۈزمەي، ئاشۇ ۋەتەنىنىڭ خاسىيىتى، گۈزەللىكى، مېھرىبانلىقى ۋە سۆيۈملۈكلۈكى ئالدىدا روكنابات سۈيى، مۇسەللا گۈلشەنى دېگەنلەرنى ھېچ نەرسە دەپ تونۇيدۇ. ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت، ئەدەپ - ئەخلاق، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىگە گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى تۇرلۇك ماددىي گۈزەللىكلەرنى ياراتقۇچى تۇپراقنى ئىپار، سۇلىرىنى ئابىكەۋسەر، دەشتى باياۋان ۋە تاغلىرىدىكى تاشلارنى ئۈنچە - مارجان دەپ تونۇيدۇ. بۇ خىل تونۇش ۋە سۆپەتلەش شائىر قەلبىدە مەۋج ئۇرغان كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، تۇرلۇك يېغىلىق توپەيلى ۋەيران بولۇپ، دەرد - ھەسرەت پۇرىقى كەلگەن تۇپراقتىن ئىلگىرى تىنچ شارائىتلاردا بەزمە - ناۋا قايىنىغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بويلىرىدىن دەرد - ھەسرەت ساداسى كېلىدىغان ھاۋالىق بولاق بويلىرىدىن، تۇرلۇك مەدەن، كان بايلىقلىرىغا ئايلانغان تاغلىرىنىڭ ۋەيرانچىلىق توپەيلى تاشلاندۇق تاشلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ھەسرەتلەنگەن شائىر كەلگۈسى شۇنداق بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ چوقۇم ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ چەكسىز سۆيۈنىدۇ. ئەزىز دىياردىن سۆيۈنگەن شائىر ئاشۇ ماكاندا ياشاۋاتقان خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە، كۈچ - قۇدرىتىگە ئىشىنىپلا قالماي، بەلكى ئاشۇ ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ - قۇدرەت بىلەن يۇرتنى چوقۇم گۈللەندۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، ئۇلارنى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن مەدھىيەلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،
چۈن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارزارى كاشغەر.

(ھاياتتىن ھۇزۇر ئالغۇچى ئىنسانغا ئۇنىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ راھەت گۈللىرىنىڭ ھىدى كېلىدۇ؛ كاشغەرنىڭ تىكەنزارلىقىمۇ گويا سۇلايماننىڭ دۆلىتىدەك ئالىپتە ۋە ئېسىلدۇر).

شائىر دەيدۇ: بۇ ئەزىز دىيارنىڭ قەدرىنى بىلىپ، سۆيگۈ ئىچىدە ئىنسانلارچە ياشاي دېگەن ئادەمگە ئۇنىڭ تىكەنلىرىدىنمۇ گۈلنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. ھەتتا كاشغەرنىڭ تىكەنزارلىقىمۇ ئاشۇ گۈزەللىكتە، بۈيۈكلۈكتە مەشھۇر بولغان سۇلايمان پادىشاھنىڭ دۆلىتى بىلەن بويلىشالايدۇ.

ئۇد، ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.

(بىلگەن ئادەمگە كاشغەرنىڭ توپىسى ئادەتتىكى توپا ئەمەس، بەجايىكى ئىپار، ئەنبەردۇر؛ سۈيى جەننەتتىكى ئابىكەۋسەرنىڭ ئۆزىدۇر؛ تاغلىرى تاش ئەمەس، گويا مارجان ۋە ياقۇتلار دۆۋىسىدۇر).

يا پەرى، يا ھۇرى، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

(كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ئۆزىنىڭ شەھرىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ جەننەت، ھۆر - پەرى دېگەنلەرنى بولسا ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ).

شائىر دەيدۇ: زېمىن ئېسىل، دىيار ئەزىز، شۇڭا كاشغەرگە كېلىپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ؛ ئادەملىرى شۇ قەدەر گۈزەل، شۇ قەدەر يېقىشلىق، شۇڭا بۇ يەردە جەننەت ۋە جەننەتتىكى ھۆر ـ غىلمان دېگەنلەر ئادەمنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمەيدۇ.

ھۇشمەندۇ، دەرتمەندۇ، مەرد زەندۇ لەب چۇقەند،
نار خەندان، سىب رەنا ھەرنا بارى كاشغەر.

مەيلى ئاقىل ـ چىچەنلىرى بولسۇن، مەيلى ناخۇش، دەردمەنلىرى بولسۇن، مەيلى ئەر ۋە مەيلى ئاياللىرى بولسۇن، لەۋزى ھالال، قەنتتەك تاتلىق گەپ قىلىدۇ؛ كاشغەرىيلەرنىڭ ھەر بىرى خۇددى قىزىرىپ پىشقان ئالما ياكى يېتىلگەن ئانارغا ئوخشايدۇ.

مۇقەددەس دىيارنى جاپالىق ئەمگىكى بىلەن گۈللەتكەن «گۈل يۈزلۈك»لەرنى يۈكسەك سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلىگەن شائىر بۇ دىياردا ياشىغان كىشىلەرنىڭ لېۋىنى شېكەرگە، چىھرىنى كۈلۈپ تۇرغان ئانار ياكى قىپقىزىل ئالمىغا ئوخشىتىدۇ. ئۇلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇلارنى ئۇلۇغلايدۇ. بۇ شائىردىكى يالغۇز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدىكى خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭمۇ ئىپادىسى بولۇپ، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى يارقىن ئىپادىسى. شائىر قەلبىدە ماگما ھالەتكە يەتكەن چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن ئەجدادلار ياراتقان شانۇ شەۋكەتلىك ئېسىل مەدەنىي مىراسلارنى، يېقىملىق ئابىدىلەرنى يۈكسەك بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن بەكمۇ يارقىن سۈرەتلەيدۇ. شۇڭا، شائىر:

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا ئىشرەت فىزا، ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

(كاشغەر شەھرىنى گۇمنامىنىڭ يايلىقى دەپ بىلىڭلار. كاشغەرنىڭ ياپيېشىل چىمەن باغلىرى كىشىنىڭ دىلىنى شادلاندۇرىدۇ، ھۇزۇر بېغىشلايدۇ).

دەپ يېزىپ، كىشى قەلبىگە ھۇزۇر بېغىشلاپ، تېنىگە شادلىق بەخش ئەتكۈچى چىمەنزار كاشغەرنى چەكسىز ئىپتىخار بىلەن «يايلىقىم» دەپ شۆھرەتلىنىدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «مەن» ھەرگىزمۇ گۇمنامىدىن ئىبارەت بىر يالغۇز «مەن» بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەن سۆيەر، مەرىپەت سۆيەر، خەلق سۆيەر، ئادالەت سۆيەر، ئەخلاق سۆيەر ھەقىقىي ۋەتەن ئوغلانلىرىدىن ئىبارەت. مانا بۇلار شائىر قەلبىدىكى يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇنىڭ ئىچچام ۋە ئوبرازلىق تىل ۋاستىسى بىلەن جانلىق ھالدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، كىشىگە چوڭقۇر ئىلھامبەخش ئېتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ غەزەلدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنىڭ مۇنداق قەتئىي ھەم جاراڭلىق ئىپادىلىنىشى بۈگۈنكى كۈندىمۇ چوڭقۇر تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەۋلادلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يۇقىرىقى شېئىرىدىن باشقا يەنە 28 ـ غەزىلىدە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر، كاشغەر ئىچرە مەزارىم بار،
زىيائى چەشمىمە خاكى رەھىدىن سۇرمەزارىم بار.

مۇژە جارۇب ئېتىپ كۆز كاسەسىدىن سۇ ساچىپ سەھنىن،
بېھىشتى ئەدن ياڭلىغ قۇددۇس ئەتمەك ئىختىيارىم بار.
.............
ئىتى ئىچكەن يالاقىدىن ماڭا ھەم تۆلمە يەتكەي دەپ،
تىلەپ كەۋسەر شەرابى زۆھد ئېلى يەڭلىغ خۇمارىم بار.

(ماڭا ھەجگە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار، چۈنكى كاشغەردە مازارىم تۇرسا. ئۇنىڭ كوچىلىرىدىكى توپىسى كۆز نۇرۇمغا سۈرمە. ئۇنىڭ مەيدانىنى كىرپىكلىرىمنى سۈپۈرگە قىلىپ تازىلاپ، كۆزۈمنىڭ كاسىسىدىن سۇ سېپىپ، بېھىشنىڭ ئۆزىدەك پاكلايمەن... گويا سوپى ـ زاھىتلار كەۋسەر شارابىنى تىلىگەندەك، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىتى ئىچكەن يالاقتىكى قالدۇقتىن نېسۋە تېگىشنى تىلەيمەن).

ئانا يۇرتى كاشغەرنى ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلاپ، ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا مەككە زىيارىتىنى قەتئىي رەت قىلغان شائىر گۈزەل كاشغەرنى چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان بېھىشنىڭ ئۆزى دەپ ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئىتلىرى ئالدىدىن ئاشقان يالاقتىكى قالدۇقلارنى ئۆز نېسىۋەم دەپ يېيىشنى خالايدۇ. شائىر لىرىكىلىرىدا ئىپادىلەنگەن بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، تېخى ھېچقانداق بىر شائىر بۇ تېمىنى مۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرگىنى يوق. شائىر ئىجادىيىتىدە خۇددى گۆھەردەك چاقناپ تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ مۇنداق قەتئىي ھەم جاراڭلىق ساداسى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مەڭگۈلۈك تەربىيە بولۇپ قالىدىغانلىقىدا شەك يوق.

كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن خەلقپەرۋەرلىك مەڭگۈ ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كۆيلىنىپ كەلگەن. ۋەتەننى سۆيگەن كىشى خەلقنى سۆيۈشى، خەلقنى ھۆرمەت قىلىشى، خەلققە مۇھەببەت باغلىشى لازىم دەپ قارالغان. شائىر ھەرقەتئىي ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى يورۇتقاندا، بۇ تەرەپلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ گۈزەل يار ئوبرازىنى سۈرەتلىگەندە، ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنى، تاشقى گۈزەللىكىنى تىل سىغدۇرغۇدەك دەرىجىدە ۋايىگە يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭدىكى ئىچكى گۈزەللىك بىلەن تاشقى گۈزەللىكنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەم ئەخلاق بابىدا، ھەم گۈزەللىك بابىدا ۋايىگە يەتكەن ئىنسان دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ:

قۇفلى دىل فەتھىغە ئەبرۇ دىلكۈشايىڭدۇر سېنىڭ،
ئۆلمەكىم قەستىدە چەشمى غەمزەدايىڭدۇر سېنىڭ.
قان ئارا ئىشقىڭ گۈلىنى تازە ـ تازە ئەيلەگەن،
كىم مەسىھا مىسلى زۇلفى ئەتىرسايىڭدۇر سېنىڭ.
دەۋزەخى ھىجران ئازابىڭدىن خەلاسىم ئىستەسەم،
جەننەتىم خۇرشىدى ھۇسنى خۇش نەمايىڭدۇر سېنىڭ.
سۇزى ئىشق جانىمە سۇ ساچقالى راھەت ئۈچۈن،
جۇيبارى لۇتف لەفزى خۇش ئەدايىڭدۇر سېنىڭ.

مانا بۇ ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ يارقىن سۈرىتى. شائىر ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت مەسىلىسىدە ئىنسانىي گۈزەللىكنى چوڭقۇر ئىنسانىي تۇيغۇ بىلەن سېزىپ، ئەقلىي كۈچ بىلەن ئۇنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ ئىنسانىي تۇيغۇدا خەلق كوللېكتىپىنى كۆرگەن شائىرنىڭ چىن ئىنسانىي تۇيغۇسى. ئىنسانغا مۇھەببەت ماھىيەتتە خەلققە بولغان مۇھەببەتتۇر.

(ئاپتور: قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن ئارامغا چىققان)

# رىۋايەت ھەققىدە

توپلاپ رەتلىگۈچى: بوغدا ئابدۇللا

## لوپنۇر خىزىرىم موما رىۋايىتى ھەققىدە

خىزىر بىر ئىلاھىي ئوبراز. مەيلى كىلاسسىك ئەدەبىياتتا ياكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بولسۇن، ئۇ بىر خىل غايە سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بىر رىۋايەتتە خىزىر ئەلەيھىسسالام غەۋۋاسلاردىن بولغان بىر جۈپ ئادەمنى قورۇقلۇقتا ئېلىپ چىقىپتۇ. بۇلارنىڭ ساقىلى بويىنغىچە بولۇپ، قورۇقلۇقتىكى ئادەملەر بىلەن پەقەت ساقال جەھەتتىلا ئوخشىمايدىكەن.

ئەمەلىيەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رىۋايەتنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى، ئىچكى دۇنياسى كەينىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھالەت مەۋجۇتتۇر.

«لوپنۇر يولىدا بىر تولغىماچلاردا بىر توقايدىن ئۆتسە سىپسىلىق بىر تىلسىم يەر بار ئىكەن. شۇ يەردە ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش بار ئىكەن. ئۇنى بىر ئالۋاستى ساقلاپ ياتىدىكەن، ئالۋاستى بەندىمىش».

يۇقىرىقىلار پەقەت ئاق قەغەزدىكى قارا خەتلا ئەمەس. بىز ئادەتتە رىۋايەتكە خوشتار كېلىمىز، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشتۇر. ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك ھەرىكەت، تىراگېدىيە، ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى، خاپىلىقى، ئارزۇسى، ھېسسىياتى ئىپادىلىنىدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، بىر تاغقا بىر دىۋە چىقىپ يېتىۋالغانىمىش، ئۇ چارۋىچىلارنىڭ قوي، كالىلىرىنى يەپ كېتىپ، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ھەرقانچە يىغا - زار قىلىشىمۇ پەرۋا قىلمىغانىمىش، خىزىر ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلگەندىن كېيىن، بىر تۈلۈم پاشا ئېلىپ كېلىپ قويۇپ بەرگەنىمىش، ئۇ يەردە قوۋۇرغىسى بار، كاللىسىدا قېشى بار، پۆپۈكى بار پاشىلار ھازىرغىچە بار ئىكەن.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، رىۋايەت ھېچقانداق مەقسەتنى ئىپادىلىمەيدۇ ئەمەس، ئىپادىلەيدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىگە خاس بولغان شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

رىۋايەتلەر داۋام قىلىدۇ، «زامانى ئاۋۋىلىدا ئالتۇننى تۇنجى بايقىغان ئادەمنىڭ ئىسمى ئۇستا چېقىر ئىكەنمىش. ئۇ كاندا ئىشلەۋاتسا، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىر بالا سۈرىتىدە كېلىپ: ‹مەن سىلىگە ئىشلىشىپ بېرەي، قازغان ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشەيلى›، دەپتۇ. ئۇستا چېقىر ماقۇل بوپتۇ. خىزىر ئىشلەشنى باشلاپتۇ ۋە خەشەكنى ئېلىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن كاندىن ھەر كۈنى ئالتۇن چىققىلى تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇستا چېقىر ئالتۇننى چايقاپ خىزىرغا كۆرسەتمەي، كاننىڭ بىر يېرىگە كۆمۈۋېتىپتۇ. ئارىدىن تۆت - بەش كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى خىزىر: ‹تۆھپەمنى بەرسىلە›، دەپتۇ. ئۇستا چېقىر: ‹بالام، جىق ئالتۇن چىقمىدى، يەنە ئۈچ - تۆت كۈن ئىشلىشىپ بەرسىلە›، دەپتۇ. ئاندىن خىزىر: ‹مېنىڭ يالغۇز ئانام بار ئىدى، كەتمىسەم بولمايدۇ، نېسىۋەمنى

بەرسىلە، دېگەنىكەن، ئۇستا چېقىر: «ئەمدى تېخى بىر ناننىڭ پۇلىغا ئىشلىدۇق، كۆپ ئالتۇن چىقمىدى»، دەپتۇ. خىزىر: «ئۇنداق دېمىسىلە»، دېسىمۇ، ئۇ كىشى ئۇنىماپتۇ. شۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام: «ئەي ئۇستا چېقىر، كانىيىڭدىن سۇ چىقۇر»، دەپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن خەشەكنىڭ ئاستىدا ياتىدىغان بوپتۇ. شۇڭا، ئالتۇننىڭ ئانىسى خەشەك، ئاتىسى سۇمىش».

سېزىم يېگانە بولىدۇ، مۇشۇ يېگانىلىق ئىچىدە پۈتۈن بارلىق بولىدۇ، روھنىڭ سېزىمى ئېپتىدائىي سېزىمدىن ئىبارەت بولىدۇ. رىۋايەت داۋاملىق ئۆزگىرىپ، ئۆزىدىن داۋاملىق ھالقىپ تۇرىدۇ.

خىزىرىم موما كېچە ـ كۈندۈز ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بۇ ھادىسە ۋە رىۋايەت مۇكەممەللىككە ئىگە بولسىمۇ، مۇكەممەل ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ مۇكەممەلسىزلىك بەلكى مۇكەممەللىك بولۇشى مۇمكىن.

مىسىر بىرىنچى سۇلالە ھەممە يېڭى گۈۋېنىيە، شۇنداقلا سەنئەت ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيا بىردەكلىكى مەزمۇن قىلىنغان ھەيكەللەردىن ئايال ئىلاھلار ئوبرازىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

خىزىر مىللەت ھالقىغان ئادەم، بۇ رىۋايەتتىن بىز ئۇنىڭ يەنە جىنس ھالقىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەپسانىۋى پاكىتنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

يۇقىرىقى رىۋايەتتە خىزىرىم مومادىن ئىبارەت بۇ ئوبراز قاناتلىق بولۇپ پەرىشتىلەشتۈرۈلگەن. بۇ يەنە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ رىۋايەتنى كونكرېتلاشتۇرۇشىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ قايتا ئىجاد قىلىش كۈچىدىن كەلگەن.

لوپنۇردا مۇنداق بىر كۆزقاراش ئومۇملاشقان:

خىزىرىم موما ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئىلاھىي يولدىن كەلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارمانلىرىغا يېتىشىگە ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا يولۇقۇشنى خالايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا يولۇققان ئادەم ئۆز ئىستەكلىرىگە يېتىدىغان بولىدۇ.

دۇنيادا ھەرقانداق دىندا خىزىر سۈپەت غايىۋى ئوبرازلار بولىدۇ. بۇ غايىۋى ئوبرازلار ھەرقانداق شەكىلگە كىرەلەيدۇ. مۇكەممەل بولغان، ياخشىلىق ۋە ساخاۋەت قىلغان ئادەملەرنىڭ ئوبرازىغا ئىلاھىي كۈچ بەخش ئېتىلىدۇ.

بىر ئادەم دۇنيا بىلەن بىر گەۋدە بولغاندىلا ئاندىن ئۆزى بىلەن بىر گەۋدە بولالايدۇ.

## قاراتاغ بويىلاپ رىۋايەتلەر

قاراتاغ توقسۇننىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، بىر قەدىمىي تاغ. قاراتاغ تارىختىكى بىزنىڭ مۇھىم بىر ئېتنىك تەركىبىمىز بولغان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي رىۋايەت ـ قوشاقلىرىدا بىزگە ئايان بولىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار كۆك تەڭرىگە تېۋىنغان ئۇزاق تارىختا شىرماق ئىسىملىك بىر قەھرىمان مەيدانغا كەلگەن. بۇ قەھرىماننى تەسۋىرلىگەندە قاراتاغدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازمۇ سۈرەتلەنگەن.

سېرىق ئۇيغۇرلاردا قەدىمىي چالغۇلاردىن قوبۇز بىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى چالغۇلىرىمىزدىن بىرى دەپ، بۇ ھەقتىكى ئۇزۇن رىۋايەت بايان قىلىنغان.

ۋاقىت بوشلۇقىنىڭ تولغىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئالىملىرى رىۋايەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى تەلەپ قىلمايدىغان بولدى. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب — ئۇنىڭ ھەر خىل مۇرەككەپ ھادىسىلەر ئارىسىدىن ئاددىيلىققا، غەيرىيلىككە ئىگە ماھىيىتىنى تېپىپ چىقالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. چۈنكى، رىۋايەتلىرىمىزدىكى كۈچلۈك باغلىنىش ئەزەلدىنلا يوقكەنەك ئەمەس. بىزنىڭ ئىنسانىيەت، تەبىئەت ۋە ئۆزىمىزنى چۈشىنىش مۇساپىمىزدىكى رىۋايەتلەر شەپەق نۇرىدىن دېرەك

بېرىدۇ. تۆۋەندە بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى يېغىنچاقلاپ بايان قىلىمىز:

قاراتاغ بويلىرىدا قارا جاڭگال دېگەن بىر سېھىرلىك جاي بار. بىر قېتىم بىر دېھقان بىر توپ يۇلغۇن ـ سۆكسۆكنىڭ يېنىدا ياتسا، يەنى چولپان يۇلتۇز چىقاي دېگەن ۋاقىتتا قۇلىقىغا ئاتىسىنىڭ ئاۋازىدەك «ھەي، ئوغلۇم» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئۇ بېشىنى كۆتۈرسە، ئالدىدا تۇۋرۇك، قاپقارا ساقال ئادەم تۇرغۇدەك. ئۇ ئادەم شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بالام، ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشى قارايدۇ، ياخشى باقىدۇ، سەنمۇ شۇنداق ياخشى قارا، — دەيدۇ. ئاندىن ھېلىقى دېھقان ئۇنىڭ بىلەن باشقىدىن كۆرۈشىدۇ. مۇشۇ جەرياندا بۇ ئادەمنىڭ بىر باشمالتىقىنىڭ مىلىق ـ مىلىق قىلغانلىقىنى سېزىدۇ. ئۇ دېھقان كۆڭلىدە «بۇ ئادەم ئۇلۇغلاردىن ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ. ھېلىقى غايىبتىن پەيدا بولغان كىشى دېھقانغا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

— ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ساڭا بىر نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرىمەن. ئۇنىڭ بىلەن سەن ئەڭ ئاجىز، كۆزى كۆرمەيدىغان، مېڭىسى ئاغرىيدىغان، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، يۈرىكى ئاغرىپ ساقايمىغان كېسەللەرنى داۋالىساڭ بولىدۇ، — دەيدۇ. ئاندىن يەنە ئۇ ئادەم دېھقاندىن سەل يىراقلاپ تۇرۇپ، — ساڭا ئاشۇ نەرسىنى يەتتىنچى كۈنى قولۇڭغا تۇتقۇزىمەن، — دېگەن. ئاندىن دېقان كەينىگە يېنىپ قارىسا ئۇ غايىب بولۇپ كەتكەنىكەن.

يەتتىنچى كۈنى ھېلىقى دېھقان ئاشۇ نەرسىنى ئەكېلىمەن دەپ شور كانغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ بىر دۆمبەك سايدىن ئۆتكەندە «توختا» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ھېلىقى دېھقانىنىڭ ئاستىدا ئات بار ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ دولىسىغا ئىككى شاپىلاق ئۇرىدۇ. ئات ماڭماي ئۇ تەرەپكە، بۇ تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۈچىنچى شاپىلاقنى ئۇرغاندا، ئات بىر چامداپلا يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇ ئارىدا چۆلدە ئۇنىڭ كۆزىگە بىر پارقىراپ تۇرغان تاش كۆرۈنىدۇ. ئۇ تاشنى قولىغا ئالىدۇ. ئۇ تاشنى ئۈچ قېتىم ئالقىنىدا دەڭسەپ بولۇپ، ئاسمانغا ئاتاي، ئالقىنىمغا چۈشسە ئالاي، دەپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. ئۇ تاش ئالقىنىغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ قولىمۇ يەرگە تېگىدۇ. ئۇ تاشتىن ئۈچ خىل رەڭ (بىرى كۆك، بىرى قارا، بىرى بېغىررەڭ) جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. تاش سەل سوقىچاق بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالىدۇ. ئاندىن دېھقان شور كانغا بارىدۇ. ئۇ يەردە مۇتلەق ئادەمزات يوق. كېيىن ئۇ تاشنى توقسۇنغا ئېلىپ كېلىدۇ. بىر كۈنى تاشتىن: «ئەي ئادەم، ۋەزىپەڭنى ئورۇنلا، كېسەللەرنى داۋالا» دەپ ئاۋاز چىقىدۇ. كېيىن بۇ تاش غايىب بولىدۇ.

بۇ دېھقانىنىڭ بىر ئاغرىق سىڭلىسى بار ئىكەن، ھېلىقى تاش يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۆيدە بىر يىلان پەيدا بولىدۇ. بۇ ناھايىتى يوغان بىر يىلان بولۇپ، دۈمبىسىدە ئادەم ۋە خان ـ پادىشاھلارنىڭ سۈرىتىدەك سۈرەت ھەم ئىككى يېنىدا چېكىت بار ئىكەن. ھېلىقى يىلان ئاغرىق قىزنىڭ قوللىرىنى تىلىنى چىقىرىپ يالاپ قويسا، ئۇنىڭ بەش ـ ئالتە كۈن قورسىقى ئاچمايدىكەن. ئۇ قىز كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇ يىلان بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ جەرياننى ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆرۈپ تۇرىدىكەن. بۇ قىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يىلانمۇ ئۆيدىن يوقاپ كېتىپتۇ.

مۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش بەكمۇ تەس. ئۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش بىلەنمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتىكى مۇنداق بىر ۋەقە ئادەمنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدۇ.

بىر زاماندا قارا جاڭگالدا بىر ئادەم ئۆيىدە ئويغاق ياتقانىكەن. بىر چاغدا تۈڭلۈكتىن بىر نەرسە چۈشكەندەك بوپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئادەم پەيدا بولغان. بۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى چوڭ ياشلىق ئاقساقال، يەنە بىرسى چار ساقال بولۇپ، بىرسى ياش ئايال ئىكەن. ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:

«بۈگۈن كېچە سېنى ئۆرۈپ يانجىۋېتىمىز» دېگەن. ئۇلارنىڭ ئالقىنىدا بىر خىل نۇر زەرەتلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم قورقۇپ كېتىپ ئىچىدە ئايەت ـ كەلىمىلەرنى ئوقۇپتۇ. كېيىن ھېلىقى ئادەملەر ئۇنى ئۇرماقچى بولغان قوللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن تۈڭلۈكتىن ئەڭ ئالدىدا ئاقساقاللىق، كېيىن چار ساقاللىق ئادەم، ئاخىرىدا ئايال چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغىچە ھېلىقى ئايالمۇ ئادەمگە: «يىگىرمە بەش يىلغىچە بويتاق ياشامسەن، مەن سېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتەي» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەم ئورنىدا يېرىم سائەتچە يېتىپ ئۇلار يەر دەسسەپ كېتىۋاتامدۇ، يا ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتامدۇ دەپ ئويلاپ، بىر قاراپ باقاي دەپ تالاغا چىقىپتۇ. ئاسمانغا شۇنداق قارىسا، ئاي ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل چۈش بولغان ۋاقتى ئىكەن. تىكىلىپ قارىسا، ئىككى ئەر ئوتقا ئايلىنىپ، دۈگىلەپ، ئايال ئوتتۇرىدا ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقۇدەك. ھېلىقى ئادەم قانداق بولۇر دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بارغانچە ئۆرۈك مېغىزىدەك كىچىكلەپ، ئاندىن ئاينىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەنئەنە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل رىۋايەتلەر كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. رىۋايەتلەردىن گەرچە ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، بەزى توپ نەرسىلەرگە جاۋاب تېپىلغان بولسىمۇ، يەنە باشقا بەزى مەسىلىلەر ئىلگىرىكىدەكلا سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز ھالدا تۇرماقتا.

يەنە قاراتاغ بويلىرىدا تاغ بىلەن ساي تۇتىشىدىغان جايلاردا تاش دۆۋىلەپ قويغان يەرلەر بار ئىكەن. بۇ قەدىمدە قەبرىستان بولغان يەرلەر. قەبرىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىر مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قەبرىلەرنى ياپقاندا، يوتىدەك ياغاچلارنى ئۈستىگە قېلىن قويۇپ، قومۇش بىلەن ياپقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېغىل توپىنى تارتىپ، ئۇنىڭمۇ ئۈستىگە قورام تاشلارنى دۆۋىلەپ قويغانىكەن. بۇ يەرلەر تارىختا سۇغا باي، ئوتۇنغا باي، ئوت ـ چۆپكە باي بولغان يەرلەر. كوھجاي بىلەن ئەگرى مەھەللىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بايتوقاي دېگەن بىر يەر بار. بۇ يەردە بىر زاماندا تولىمۇ باي بولغان بىر ئادەم ئۆتكەن. ئۇ پۈتۈن ئالتۇنلىرىنى بىر ئىدىش قىلىپ ياساتقان، كېيىن ياۋ كېلىپ ئىدىشنى يۆتكىيەلمەي، بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تاشلىۋەتكەنىكەن...

رىۋايەتشۇناسلار ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇشقان چاغلىرىدا يەنە ئۆزلىرىنىڭ رىۋايەت دۇنياسىدا ھەقىقىي بىرلىككە كەلگەن بىر خىل چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشتىن باشقا يول يوق.

(توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# شۋېتسىيەلىك مىسسىيونېر سىگفرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن

يىلاننىڭ تىلى يۇمشاق، زەھرى بار.

يىلان نىنگ تىلى يومشاق زهرى بار .

قارغا كەكلىكنى دورايمەن دەپ ئۆز ماڭىشىنى ئۇنۇتتى.

قارغا ككليكنى دورايمن ديب اوز منگيشنى اونوتتى

ئوتنىڭ ئوتغا كەتتى، سۇنىڭ سۇغا، قالدى قاتتىق بەش پۇل.

اوت نىنگ اوتغه كتتى سو نىنگ سوغه، قالدى قاتيق بش پل .

سورىمىغان گەپنى قىلماڭ، ئۇچرىمىغانغا سەلام قىلماڭ.

سورماغان گپنى قيلمانگ اوچراماغانغه سلام قيلمانگ.

غۇلام ئاتقا مىنسە، چىقمىغان دۆڭى قالماس،
دېدەك مۇنچاق سالسا، كىرمىگەن ئۆيى قالماس.

غلام آتغه مينسه چيقماغان دونگى قالماس - ديدك مونچاق سالسه كيرماگان اوي قالماس.

شىپاڭ ئېگىز بىر نان يوق،
دەستار يوغان ئىمان يوق.

شيپانگ ايگيز بر نان يوق
دستار يوغان ايمان يوق

بىر ھارغانغا گەپ قىلماڭ، بىر ئاچقانغا.

بر هارغانغه گپ قيلمانگ بر آچيقانغه .

كاشغەردىن ئېلىپ كېلىنگەن بەش بىلەن.

كاشغردين اليب كلينگان بيش بيلا ضرب المثل .

دەۋلەت باردا ئاتلار تۇرادۇر، مىنگەلى قوڭ يوق،
دەۋلەت يوقىدا ئاتلار تۈگۈل بىر نوختە تاپىلماس.

دولت بارىدا آتلار توراددور مينگالى قونگ يوق ،
دولت يوقيدا آتلار توگول بر نوخته تاپيلماس

بۇلبۇلغا قەفەس لازىم ئەمەس، باغ ياخشى،
قىرغىزغە شەھەر لازىم ئەمەس، تاغ ياخشى.

بلبل غه قفس لازيم ايماس باغ ياخشى ،
قيرغيزغه شهر لازيم ايماس تاغ ياخشى .

ئىگەسىنى سىغىنغان ئىتىغا سۆڭەك سالۇر.

ايگاسينى سيغينغان ايتيغه سونگاك سالور.

| | |
|---|---|
| ئىشانغە تۇشلۇق مۇزۇد بولادۇر،<br>ساقالغا تۇشلۇق بۇرۇت بولادۇر. | ایشانغه توشلوق موزعد بولادور،<br>ستقالغه توشلوق بوروت بولادور. |
| پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ. | پلی بارننگ گپی اونگ = پلی یوقننگ گپی تونگ. |
| مولللا كىشىدىن پۇل ئالماق، فىتىر ناندىن قىل ئالماق. | ملّاکشیدین پل آلماق - فطیرناندین قبل آلماق. |
| ئوڭدا ياتقان گىردە يەيدۇر، كەتمەن چاپقان جىگدە يەيدۇر. | اونگدا یاتقان گیرده ییدور، کتمان چاپقان جیگده ییدور. |
| سۇ ئېلىپ كەلگەن خار ئۇلۇپدۇر، كوزە سىندۇرغان ئەزىز. | سو الیب کلگان خار اولوب دور. کوزه سیندورغان عزیز. |
| دەۋلەت كەلسە ئىنساننىڭ باشىغا، سەرىمۇق كېلۇر ئاتنىڭ قاشىغا. | دولت کلسه ئنساننینگ باشیغه - سریموق طورانینگ قاشیغه. |
| ھەر كىم قىلسا كىشىگە، ئانى قىلۇر ئۆزىگە،<br>يۇقارى باقىپ تۈكۈرسە، يانىپ تۈشەر يۈزىگە. | هرکیم قیلسه کیشیگه انی قیلور اوزیگه،<br>یوقاری باقیب توکورسه یانیب توشار یوزیگه - |
| ئۆز ئۆيۈڭنىڭ خۇشلۇقى — پۇت - قولۇڭنىڭ بوشلۇقى. | اوز اویوننگ خوشلوقی = پوت قولوننگ بوشلوقی. |
| ئادەم بولساڭ يۈرۈش قىل، ھەيۋان بولساڭ كۈيۈش قىل. | آدم بولسانگ یوروش قیل - حیوان بولسانگ کوییش قیل. |
| سۇ كېتىپ تاش قالادۇر، ئۇسما كېتىپ قاش قالادۇر. | سوکیتیب تاش قالادور - اوسمه کیتیب قاش قالادور. |
| كۆچمەس تام، ئۇچماس توخا. | کوچماس تام اوچماس توخه - |
| ئەگەر دەريا لەبىدە بولسا جايىڭ، بەھانە بىرلە يەتكۈزگەي خۇدايىڭ. | اگر دریالبیده بولسه جایینگ = بهانه برله تیگوزگای خدایینگ. |
| ئەرتەكى قوي گۆشتىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى. | ایرته کی قوی گوشتیدین بوگونکی اوپکه یخشی - |
| كېتەر كىشى يولدا ياخشى. | کتار کیشی یولدا یخشی - |
| ئادەم بالاسى باقساڭ، ئاغىز بۇرنۇڭنى قان قىلۇر،<br>ھەيۋان بالاسى باقساڭ، ئاغىز بۇرنۇڭنى ياغ قىلۇر. | آدم بلاسی باقسانگ اغیز بورنونگنی قان قیلور<br>حیوان بالاسی باقسانگ اغیز بورنونگنی یاغ قیلور. |
| جۇۋالىغنى ئۇرسام، جۇۋاسىزغا تو كەتتى | جوالیغنی اورسام جواسیزغه توکتّی - |
| مەن بارماغان شەھەر يوق، پۇل بەرمەسەم بەرگەن يوق. | من بارماغان شهر یوق بل برماسام برگان یوق. |

ئىشەككە كۆچۈك يەتمەسە، ئۇر توقامغا.
ايشناككا كوچونگ يتماسه اورتوقامغه .

مەن بارماغان كەنت ئەمەس، پۇل بەرمەگۈنچە بەرگەن ئەمەس.
من بارماغان كنت ايماس پل برماگونچه برگان ايماس .

«ئۇجمە پىش ئاغزىمغا تۇش» دەيدۇرغان كىشى.
اوجمه بيش آغزيمغه توش ديدورغان كشى .

ئىشەكنىڭ قوڭىغا ئافتاپ تۇشسە، قولۇڭنى ئىسست.
ايشناك نينگ قونكيغه آفتاب توشسه قولونگ نى ايسيت

شامال چىقماسا، دەرەخت لىڭشىمايدۇر.
شمال چيقماسه درخت لنگشمايدور .

قازانغا نېمە سالساڭ، چۆمۈچۈڭگە شول چىقار.
قزانغه نيمه سالسانگ چوموچونگگه شول چيقار .

گۈل ۋەقتىدە گۈلۈڭنى قىس، گۈل تۈگەسە قوڭاڭنى قىس.
گل وقتيده گلونگنى قيس گل توگاسه قونگانگنى قيس .

ئىشەك ھاڭرايدۇر سايدا، مەئلۇم بولۇر پاتقاق جايدا.
ايشناك هانگرايدور سايدا معلوم بولور پاتقاق جايدا .

ئەجەب داملايسەن ئەنجاننى، باقالمايسەن بىر جاننى.
عجب داملايسن انجانى - باقالمايسن برجانى

ئىشەك ھالۋا دېدى، يېدى سامانننى،
نېمەگە فەرق ئەتمەدى ياخشى - ياماننى.
ايشناك هالوا دادى يدى سمنانى
نيمه گا فرق آتمادى ياخشى ييمانى

بەلا يوقسىزغا ئۇچرايدۇر، كىمىك ئوقسىزغا.
بلا يوقسنزغه اوچرايدور كيمك اوت سنزغه .

باي تالقان يېسە، ئاسماندىن يامغۇر تۇشۇپ نەمدەپ بېرەمىش،
كەمبەغەل تالقان يېسە، بوران چىقىپ ئۇچۇرۇپ كېتەمىش.
باى تالقان ييسه آسماندين يامغور توشوب نمداب برايش ،
كمبغل تالقان ييسه بوران چيقيب اوچوروب كتاميش

مەن ئالدىرايمەن كەتكەلى، ئىشەكىم ئالدىرار ياتغالى.
من الدرارمن كتكالى ايشناكيم الدرار ياتغالى

گاچا قاڭاقتىن يامان، بۇرنى يوق پەناقدىن يەمان.
گاچا قانگاق دين يمان بورنى يوق پناق دين يمان .

پۇتى كىچىك چاقىقانى كەيسۇن، پۇتى يوغان تاپقاننى كەيسۇن.
پوتى كچيك چاقماقانى كيسون پوتى يوغان تاپنانى كيسون .

ئاتىڭ ئىشتەيلىك بولسا، بەردى خۇدا،
خاتۇنۇڭ ئىشتەيلىك بولسا، ئۇردى خۇدا.
اطنينگ ايشتيليك بولسه بردى خدا ،
خاتونونگ ايشتيليك بولسه اوردى خدا .

گاچا قاڭاقدىن يەمان، بۇقا تۇڭگۇزدىن.
گاچا قانگاق دين يمان بوقا تونگغوز دين .

تويغا بارساڭ تويىپ بار، بالاڭنى ئۆيدە قويىپ بار.
توى غه بارسانگ توياب بار - بالانگنى اويده قوياب بار

ئىزەڭگۈنى چىلاڭ تۇت، پۇشتالىڭنى ئوغرى تۇتما،
مالىڭنى چىلاڭ تۇت، قوشنالىڭنى ئوغرى تۇتما.

ايزانگكونى چينگ توت پوشتانگنى اوغرى توتما.
مالينگنى چينگ توت قوشنانگنى اوغرى توتما.

ساپقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۇشۇكنىڭ قۇيرۇقىنى تىشلەيدۇر.

سپقاننىنگ اولگوسى كلسە موشوكنىنگ قويروقىنى تيشلايدور.

ئارپا، تىرىق تۇلۇمدا، يەتىم بالا بولۇڭدا.

آرپا تىرىق تولومدا يتيم بلا بولونگدا.

ئۆزۈڭ ئارادا، ئاشىڭ چارادا.

اوزونگ آرادا آشينگ چارادا.

ئەچكۈنىڭ ئاچىلىپ تۇرسا، ھېچ گەپ يوق،
قوينىڭ ئاچىلىپ قالسا، ھۇيت ـ ھۇيت!

اچكونينگ اچيليب تورسە هيچ گپ يوق
قوينينگ اچيليب قالسە هويت! هويت!

نەۋائىي ئۆتتى بۇ يولدىن پىيادە يارى بىلەن،
ھەر كىشى بەلاغا قالۇر ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

نوائى اوتتى بو يولدين پياده يارى بيلان
هر كشى بلاغه قالور اوز اختيارى بيلان.

مۇھەببەتلىك كىشىنىڭ كۆڭلى يازدۇر، ئەسلا قىش بولماس،
مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قىشدۇر، ئەسلا ياز بولماس.

محبت ليك كشى نينگ كونگلى يازدور اصلى قيش بولماس
محبت سىز كشى نينگ كونگلى قيش دور اصلى ياز بولماس.

ئىستەمەگىل مەشايىخنى نەزرۇ نىيازىڭ بولماسا،
دۇئاسىنى ئالغالى، بىر باش پىيازىڭ بولماسا.

ايستاماگيل مشايخنى نذر و نيازينگ بولماسه
دعاسىنى آلغالى بر باش پيازينگ بولماسه.

گەۋھەر ياتۇر بۇ سايدا، تونۇماساڭ نېمە فايدا؟

گوهر ياتور بو سايدا تونوماسانگ نيمه فايده.

تاپغانى گۈل كەلتۈرۈر، تاپماغانى بىر باش پىياز،
قادىر كىشى قوي ئۆلتۈرۈر، ئاجىز كىشى چۆجە خورار.

تاپغانى گل كلتورور = تاپماغانى بر باش پياز،
قادر كشى قوى اولتورور عاجز كشى چوجه خورار.

يول ماڭساڭ چوڭ يول بىلەن ماڭ، ئۇزۇن بولسىمۇ،
مۇسافىرلىق يامان ئىكەن بىر كۈن بولسىمۇ.

يول مانگسانگ چونگ يول بيلا مانگ اوزون بولسهمو
مسافرليق يمان ايكان بر كون بولسهمو

ھەۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق.
بۇۋانىڭ ھاپاپى بار، ماغدۇرى يوق.

هوانينگ گولدورى بار يامغورى يوق
بوانينگ هاپاپى بار ماغدورى يوق

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)

# چۆچەكلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

## ئابدۇباقى باي

قەدىمكى زاماندا پىشامشان دېگەن شەھەردە ئابدۇباقى باي ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۆزى بىر دەرەخ ئۈستىدىن قىرىق تال غورا ئېلىپ يەپتۇمىش، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا، كۆرگەن چۈشىنى خوتۇنىغا ئېيتىپ بېرىپ:

— خوتۇن، ئاخشام بىر ئۆرۈك دەرىخى ئۈستىدىن قىرىق تال غورا ئېلىپ يەپ چۈشەپتىمەن، — دەپتىكەن. خوتۇنى:

— قارىغاندا سىلى پادىشاھتىن قىرىق دەررە يېگۈدەكلا، — دەپ تەبىر بېرىپتۇ.

ئابدۇباقى باي شۇ كۈنى پۈتۈن كۈن تەشۋىش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە يۈرۈپتۇ. چۈش مەزگىلى بىلەن پادىشاھنىڭ شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان قوشۇنى ئابدۇباقى باينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپتىكەن، دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ خوتۇنى ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپمۇ قويماي كىر يۇغان سۇنى يولغا قارىتىپ چېچىپتۇ. سۇ دەل شاھ ئېتىنىڭ ئالدىغا چۈشكەچكە، ئالدىغا تۇيۇقسىز تۆكۈلگەن سۇدىن ئۈركۈگەن ئات قالايمىقان چاپچىپ ـ سەكرەپ پادىشاھنى يىقىتىۋېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ يانپىشى ئاجراپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئوردىغا ئارانلا بېرىۋاپتۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، نۆكەرلىرىنى چاقىرتىپ:

— بايا ئالدىمغا يوندا تۆكۈلگەن ئۆينىڭ ئىگىسىنى دەرھال تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

نۆكەرلەر ئابدۇباقى باينىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگىمۇ تەگكۈزمەستىن چاقماق تېزلىكىدە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ:

— سەن قانداق نائەھلى، بىئەدەپ گادايسەن؟ خوتۇنۇڭغا كىرنى دالدىدا يۇيۇش، سۇنى قېرىمغا تۆكۈش توغرىسىدا تەربىيە بەرمىگەنمۇ؟ — دەپ كايىپ، ياىلارغا دەرھال ئاچقىپ، قىرىق دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

ياىلار ئىچىدە كۆكۈلداش ئىسىملىك بىر يايى بولۇپ، ئانىسىنىڭ باغرىنى يېرىۋەتكەن رەھىمسىز ئادەم ئىكەن. دەررىنى دەل شۇ يايى ئىجرا قىپتۇ. كۆكۈلداش ئۇنى شۇنداق قاتتىق ئۇرۇپتۇكى، ئابدۇباقى باي بىرنەچچە دەررە يېمەيلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

گۇندىخانىدا بىرنەچچە كۈن ياتقاندىن كېيىن، ئابدۇباقى باي مىڭ تەسلىكتە ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، كاڭغا ئۆزىنى ئاران تاشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— ھوي دادىسى، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئابدۇباقى باي:

— سىلىگە چۈشۈمنى ئېيتسام، پادىشاھتىن قىرىق دەررە يېگۈدەكلا، دېۋىدىڭلا، راست دېگەندەك قىرىق كالتەك يەپ كەلدىم، — دەپتۇ.

ئابدۇباقى باي نەچچە كۈنلەپ يېتىپ داۋالىنىپ خېلىلا ئەسلىگە كەپتۇ. بىر كۈنى كىچىسى ئۇ يەنە ئۈچ يۈز تال ئۆرۈك يەپ چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ «ئالدىنقى قېتىم كۆرگەن چۈشۈمنى خوتۇنۇمغا دېۋىدىم، پادىشاھتىن

قىرىق كالتەك يېدىم، بۇ قېتىم قەتئىي خوتۇنۇمغا ئېيتىشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ھەم خامۇشلۇق ئىچىدە ئىشىك ئالدىدىكى سۆگەت تۈۋىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك ئالدىدىن بىر مويسىپىت ئادەم ئۆتۈپتۇ. ئابدۇباقى باي ئۇ كىشىگە كۆرگەن چۈشىنى ئېيتقۇسى كېلىپ، ئۇ كىشىنى يېنىغا چاقىرىپتۇ ھەم كۆرگەن چۈشىنى بايان قىپتۇ. ئۇ كىشى ئابدۇباقى باينىڭ كۆرگەن چۈشىگە تەبىر بېرىپ:

— قارىغاندا پادىشاھتىن ئۈچ يۈز تىللا مۇكاپات ئالغۇدەكلا، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ گەپكە ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئايالىغا:

— پادىشاھ يەنە مېنى ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ قالسا، ئەمدى دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا مېنىڭ ئېگىكىمنى تېڭىپ، پۇتۇمنى چېگىپ كاڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇڭلا، ئەگەر نۆكەرلەر كېلىپ مېنى سوراپ قالسا، ئاغرىق ئازابىدا قازا قىلدى، دەپ قويۇڭلا، — دەپ كۆزىنى يۇمۇپ ئۆلگەن قىياپەتتە يېتىۋاپتۇ.

شۇ كۈنى پادىشاھمۇ بىر چۈش كۆرگەن بولۇپ، چۈشىدە ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ، سىراتەل مۇستەقىم دېگەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىرسى پۇتىغا ئېسىلىۋېلىپ ماڭغىلى قويماسىمىش، قارىسا ئۇ ئابدۇباقى باي ئىكەنمىش. ئۇ پادىشاھقا:

— سەن مېنى ناھەق قىرىق كالتەك ئۇردۇرغان پادىشاھقۇ؟ — دەۋاتقۇدەكمىش.

پادىشاھ چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپتۇ ھەم نۆكەرلەرگە ئابدۇباقى باينى دەرھال ئەكېلىشنى پەرمان قىپتۇ. ماڭغان نۆكەرلەرنىڭ ئىچىدە كۆكۆلداشمۇ بار ئىكەن. نۆكەرلەر ئابدۇباقى باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپلا ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى، ئابدۇباقى باينىڭ كاڭ ئۈستىدە ئېگىكى تېڭىقلىق ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نۆكەرلەردىن بىرسى:

— ئەمدى قايتىپ پادىشاھقا بولغان ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلايلى، — دەپ تۇرۇشىغا، كۆكۆلداش:

— بۇ راست ئۆلگەنمۇ ياكى يالغانمۇ، ئېنىق ئايرىپ، ئاندىن پادىشاھقا مەلۇم قىلايلى. قاراڭلار، ئۇنى ئۆلدى دەيسىلەر، لېكىن چىرايىدىن تېخى قىزىللىق يىتمەپتۇ، — دەپتۇ. ئارىدىن بىرەيلەن:

— زاتىل دەپ بىر كېسەل بارمىش، ئۇ كېسەلدە ئۆلگەن كىشىنىڭ چىرايى ئۆڭمەي تۇرارمىش، — دەپتۇ. كۆكۆلداش:

— زاتىلمۇ ئەمەسمۇ قاراپ باقايلى، — دەپ، ئابدۇباقى باينىڭ ئۆيىدىن بىگىزدىن بىرنى تېپىپ، ئابدۇباقى باينىڭ بىرنەچچە يېرىگە سانجىماق بوپتۇ. بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ ياتقان ئابدۇباقى باي بىگىز سانجىسا ئۆلۈپ قالماسمەن، لېكىن پادىشاھنىڭ ئۈچ يۈز دەررىسىدە چوقۇم ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، — دەپ چىداپ يېتىش قارارىغا كەپتۇ.

شۇ ئەسنادا كۆكۆلداش بىگىزنى ئابدۇباقى باينىڭ بىرنەچچە يېرىگە سانجىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۈن چىقماپتۇ. نۆكەرلەر:

— ھەي، كۆكۆلداش، ئۇ راستىلا ئۆلۈپتۇ. ماڭ، قايتايلى، — دېيىشىپتۇ. ئەمما، كۆكۆلداش يەنىلا تەن بەرمەي، يوغان بىر كالتەكنى تېپىپ كېلىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىراپ:

— ھەي، ئابدۇباقى باي، راست ئۆلسەڭمۇ ئۆلدۈڭ، يالغان ئۆلسەڭمۇ ئۆلدۈڭ، — دەپ كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ.

ئابدۇباقى باي كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن كالتەككە قارىسا، ئاجايىپ يوغان بىر كالتەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغۇدەك. ئەگەر بۇ كالتەك بىلەن بىرنى قويسا ئۆزىنىڭ راستىلا ئۆلۈپ كېتىشىدە شەك يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇباقى باي كالتەك بېشىغا چۈشۈپ بولغۇچىلىك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئاشكارىلىماق بوپتۇيۇ، پۇتى چېتىقلىق، ئېگىكى تېڭىقلىق بولغاچقا كاڭدىن دۈم بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. كۆكۆلداش ئابدۇباقى باينىڭ گەدىنىدىن

سۆرىگىنىچە پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئابدۇباقى باي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، مېنى يەنە دەررىگە بۇيرۇماي، ئاسانراق ئۆلىدىغان جازاغا بۇيرۇغان بولسىلا، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ:

— سېنى نېمىدەپ جازالىمىغۇدەكمەن، ئېتىمكىڭنى ئاچ، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ ھەم ئېتىمكىگە ئۈچ يۈز تىللا پۇلنى تۆكۈپ، — ئويلاپ باقسام مەن سېنى ناھەق دۇمبالاپتىمەن، مانا بۇ پۇللار سېنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىڭ بولسۇن، — دەپ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. ئابدۇباقى باي خۇشلۇقتا پادىشاھنىڭ تېنىگە ساقلىق، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

«چۆشنىڭ ياخشى - يامىنى بېرىلگەن تەبىرگە باغلىق» دېگەن تەمسىل مۇشۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## ئادەمنى سىنىماق ئۆچۈن جەريان كېرەك

قەدىمكى زاماندا بىر ئەۋلىيا ئۆتكەنىكەن، بىر كۈنى ئەۋلىيا جاھاننى سەيلە قىلىپ كېتىۋاتسا، بىر ئايال بىر قەبرىنى يەلپۈپ ئولتۇرغۇدەك، ئەۋلىيا ئايالدىن:

— سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئايال تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئەۋلىياغا:

— مېنىڭ ئېرىم يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئېرىم ۋاپات بولۇش ئالدىدا ماڭا: «ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەم، قەبرەمنىڭ تۇپىسى قورۇماي تۇرۇپ خەقنىڭ نىكاھىغا ئۆتۈپ قالسىڭىز، سىزدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولمايمەن» دەپ نەسىھەت قالدۇرغان، «ئەر رازى، خۇدا رازى» دەپتىكەن. شۇڭا، ئېرىمنىڭ نەسىھەتىگە ئەمەل قىلاي دەپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەۋلىيا ئايالنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، ئايالنىڭ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى ئېلىپ قەبرىنى بىرلا يەلپۈگەنىكەن، قەبرە شۇ زامان قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئايال ئەۋلىياغا كۆپ تەشەككۈرلەرنى ئېيتىپ، كېتىپ قاپتۇ.

ئەۋلىيا خۇشال - خۇرام ھالدا ئۆيىگە قايتىپ، بولغان ئەھۋاللارنى ئايالىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ:

— ئەجەب ۋاپادار ئايال ئىكەن، — دېيىشىگە، ئايالى:

— سىلىنىزە، خەق بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلگەن بىلەن ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىشلارنى بىلمەيدىكەنلا، ئۇ ئايالنىمۇ ۋاپادار دېگىلى بولسۇنمۇ؟ تېزرەك ئەرگە تېگىشكە ئالدىراپ، ئېرىنىڭ قەبرىسىنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ئۇنداق ئايالغىمۇ ياردەم قىلغان بارمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەۋلىيانىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ ھەم مەن بۇ خوتۇنۇمدىن ئەزەلدىن گۇمانلىنىپ باققان ئەمەسمەن، قېنى بۇ ئايالىم ماڭا قانچىلىك سادىقكىن، بىر سىناپ كۆرسەم بولغۇدەك، — دەپ ئويلاپتۇ.

بۇ ئەۋلىيانىڭ ئۈچ يۈز نەپەر تالىپى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىلىم - ماھارەتتە ئۆزىدىن قېلىشمىغۇدەك بىر تالىپى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەۋلىياغا كېسەل تېگىپ كۈنسېرى ھالى خارابلىشىشقا يۈزلىنىپتۇ. ئەۋلىيانىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئايالى ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا كۈنلىرىنىڭ قىيىنچىلىقتا قېلىشىغا كۆزى يېتىپ، ئەۋلىيانىڭ چوڭ شاگىرتىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۆز تاشلاشقا باشلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئەۋلىيا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئالەمدىن كېتىشتىن بۇرۇن چوڭ تالىپىغا «مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى دەرھال دەپنە قىلماستىن مۇشۇ ئۆيدە قىرىق كۈن تۇرغۇزۇڭلار، قىرىق بىرىنچى كۈنى ئاندىن يەرلىككە قويۇڭلار» دەپ نەسىھەت قىپتىكەن.

ئەۋلىيانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، شاگىرتلىرى يەتتە كېچە - كۈندۈز يىغا - زار قىلىشىپ، بىر - بىرىدىن رازىلىق تىلىشىپ ھەرقايسىسى ئۆز

— مەن ئېرىمدىن ئايرىلدىم، ئەمدى سىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن. كېسىلىڭىز داۋا تاپىدىغاندەكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ شاگىرت.

— بۇ كېسىلىڭىزگە ھېچبىر داۋا يوقمىدۇ؟

— بارلىقىغۇ بار.

— قانداق داۋا بار؟

— ئادەم مېڭىسىنى يېسەم ساقىيىپ قالىمەن.

— سىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ئىش ئىكەن، قانداقمۇ قىلارمىز؟

— يېڭى ئۆلگەن ئادەمنىڭ مېڭىسى بولسىمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ چوڭ شاگىرت.

ئەۋلىيانىڭ خوتۇنى دەرھال قولىغا پالتا ئېلىپ، ئېرىنىڭ كاللىسىنى چاپماقچى بولۇپ جەسەتنىڭ يېنىغا كەپتۇ. شۇ زامان ئەۋلىيا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ھۇ نائەھلى خوتۇن، سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭ مۇشۇمىدى؟! — دەپ بىر پۈۋلەپتىكەن، قاتتىق بىر قارا بوران چىقىپ، خوتۇنى پايانسىز بىر چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قاپتۇ.

ئەۋلىيا بىلەن چوڭ شاگىرتى قاتتىق بىر ئۇھ تارتىپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇپتۇ.

«ئادەمنى سىنىماققا جەريان كېرەك» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

## خان چاھار بېغى

ئۆتكەن زاماندا، يىراق ماكاندا، قەددى - قامەتلىك، مېھىر - ۋاپالىق بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن، يىگىت بويىغا يەتكەندە شۇ يېزىدىكى گۈزەللىكتە، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭدىشى يوق مىراجىخان ئىسمىلىك بىر نازىنىنغا كۆڭلى چۈشۈپ، توي قىپتۇ. تويدىن كېيىن بۇ ئىككىيلەن شۇنداق ئېجىل - ئىناق ئۆتۈپتۇكى، بىر - بىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىكەن. كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئەتىيازمۇ ئۆتۈپ، ياز كېلەي دەپ قاپتۇ.

بىر كۈنى مىراجىخان ئېرىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— قەدىرلىكىم، سىزنىڭ ماڭا ئىنتايىن ئامراقلىقىڭىزنى بىلىمەن. مېنىڭمۇ سىزدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم يوق. ئەمما، مۇنداق ئۆيدە بىكار يېتىپ كۈن ئۆتكۈزمەكمۇ ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ئۆتمەي قىش كېلىپ قالسا، كۈنىمىز غورىبەتتە قالارمىكىن. شۇڭا، سىز ئاۋۇ دۆڭنىڭ كەينىدىكى بىكار يەرنى ئاغدۇرۇپ، قوناق بولسىمۇ تېرىپ قويسىڭىز، ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بولار ئىدى، — دەپتۇ.

يىگىت:

— سىزنى بىر مىنۇت كۆرەلمىسەم، ئۆزۈمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كېتىمەن، بىر كۈن كۆرمىسەم دۇنيادىن ۋاز كەچكۈدەك بولۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

مىراجىخان ھەر ئاماللارنى ئىشلىتىپمۇ، ئېرىنى قايىل قىلالماي ئاخىر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا مەن ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ رەسىمىنى سىزگە سىزىپ بېرەي، سىز رەسىمىمنى ئېلىپ ئېتىز بېشىدىكى ياغاچقا ئېسىپ قويۇپ، ھەر قېتىم كۆرگۈڭىز كەلگەندە بىر قاراپ قويۇڭ. شۇنداق قىلىپ ئىشىڭىزنى بۇرۇنراق تاماملاپ، ئۆيگە بۇرۇنراق قايتىپ كېلىڭ، — دەپتۇ ھەم ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئېرىگە تۇتقۇزۇپتۇ ھەمدە رەسىمنى ئىنس - جىنغا كۆرسەتمەسلىكنى قايتا - قايتا تاپىلاپ، ئېتىز بېشىغا يولغا سېلىپتۇ.

يىگىت دۆڭدىن ئۆتۈپ ھېلىقى بىكار يەرگە كەپتۇ. ئۇ تۆت نۇقتىغا بەلگە قويۇپتۇ ھەم

ئاچماقچى بولغان ئېتىزنىڭ بىر بېشىغا كىچىك بىر ياغاچنى جايلاشتۇرۇپ، ئايالىنىڭ رەسىمىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. يىگىت ئازراق يەرنى ئاغدۇرۇپ بولۇپ، ئايالىنىڭ رەسىمى قېشىغا كېلىپ قانغۇچە بىر كۆرۈۋېلىپ، يەنە بېرىپ يەر ئاغدۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ خېلى كۆپ يەرنى ئاغدۇرۇپ بولغاندا تۇساتتىن دەھشەت بىر قارا قۇيۇن پەيدا بولۇپ، قىزنىڭ رەسىمىنى ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ. يىگىت قۇيۇننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باقسىمۇ، يېتىشەلمەي سالپىيىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ھەم بولغان ئەھۋاللارنى ئايالىغا بايان قىپتۇ. ئايالى:

— ئاھ، خۇدا، بۇ نېمە بولغىنى ئەمدى، رەسىمىمنى يىتتۈرۈپ قويۇپسىز. بۇنىڭ كەينىدە بىر كېلىشمەسلىك بار بولۇشى مۇمكىن، — دەپ بېشىنى ئېرىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ياش تۆكۈپتۇ.

مىراجىخاننىڭ رەسىمى قۇيۇنغا ئەگىشىپ ئاسماندا ئۇچۇپ، بىرنەچچە كۈن ئۇچقاندىن كېيىن يىراقتىكى شەرق مەملىكىتىنىڭ باغ سەيلىسى قىلىۋاتقان پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن بۇ رەسىمنى بىر كۆرۈپلا ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە مۇنداق لاتاپەتلىك گۈزەل نازىنىننى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. پادىشاھنىڭ نەچچە كۈنگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، رەسىمگە قاراپلا ئولتۇرۇپ، ئاخىر ئاجىزلاپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئىشنىڭ تەكتىنى ئۇققاندىن كېيىن پادىشاھقا ياخشىچاق بولۇش، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قىزنىڭ رەسىمىنى كۆپەيتىپ سىزدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىگە تۇتقۇزۇپ، جاھاننىڭ نەرىدىن بولسىمۇ بۇ قىزنى تېپىپ كېلىشنىڭ لازىملىقىنى، تاپالمىسا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى تاپىلاپ يولغا سالغان. نۆكەرلەر يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، ھەر بىر شەھەر، ھەربىر مەھەللىنى قويماي ئاختۇرۇپ، ئۇچرىغان ھەر بىر ئادەمدىن سوراپ، تاغ - دەريا، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئاخىر بىر چۆلنىڭ باغرىدىكى خانلىقنىڭ چاھارباغ دېگەن يېرىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بۇ قىزنى تونۇيدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇلار سوراپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇ قىز ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بىر كىشىگە جىق ئالتۇن بېرىپ، كېچىدە ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قىزنى بۇلاپ مېڭىپتۇ. قىز ۋارقىراپ تۇرۇپ يىگىتكە بىر يىلغىچە ئۆزىنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىشى كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئۆزىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

قىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پادىشاھ قىزنىڭ رۇخسارىغا شۇنداق سەپسالغانىكەن، قىزنىڭ جامالى رەسىمدىن نەچچە مىڭ ھەسسە گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ ھەم كۈنبويى ئۇ قىزنىڭ قېشىدىن نېرى كېتەلمەپتۇ. پادىشاھ ئەڭ ئېسىل نازۇ - نېمەت، تاۋار - دۇردۇنىلارنى كەلتۈرۈپ، قىزنىچى، رەققاسلارنى ھازىر قىلغان بولسىمۇ، قىزنىڭ كۆڭلىنى نوقۇتچىلىكمۇ ئېرىتەلمەپتۇ. قىز ئاخىر پادىشاھقا:

— مېنىڭ ئاتام يېقىندا قازا قىلغان، يۈرتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ئاتامغا بىر يىل قارىلىق تۇتمىسام بولمايدۇ، بىر يىلدىن كېيىن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن نىكاھىڭىزغا ئۆتىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئامالسىز ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

قىز بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن، يىگىت ئىشق ئوتىدا خانىۋەيران بولۇپ، ئۇچىسىغا جىمى جانىۋارنىڭ تۈكىنى تىكىپ، بېشىغا جىمى ئۇچار قاناتنىڭ پېيىنى تاقاپ، ئاشىقلىق جەندىسىنى كىيىپ، قولىغا راۋابنى ئېلىپ، يۇرتىدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەربىر ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە راۋابىنى راسا چالىدىكەن. ناخشىسىدا «مىراجىخان، ۋاي مىراجىخان، مىراجىخان، ۋاي مىراجىخان» دېگەن سۆزنىلا دەيدىكەن.

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ، بىر كۈنلەردە بىر

نۆكەر خانغا:

— ئوردا ئالدىغا يات ئەلدىن بىر قەلەندەر كەپتۇ، لېكىن ئاش - نان، پۇل - پۇچەك تاشلىساق، ھېچنەرسىنى ئالماي پەقەت راۋابىنى چېلىپ: «مىراجىخان، ۋاي مىراجىخان، مىراجىخان، ۋاي مىراجىخان» دەپ ۋارقىراپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مىراجىخان شۇنداق چىرايلىق تەبەسسۇم قىپتۇكى، ئۇنىڭ چىرايى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پارلاپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ خۇشال بولۇپ، دەرھال قەلەندەرنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. پادىشاھ قەلەندەرنى راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا بۇيرۇپتۇ. مىراجىخان قەلەندەرنىڭ ئويۇنىدىن ئالەمچە شادلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە مىراجىخاننىڭ مۇشۇنچىلىك خۇشاللىقىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ، ئۇنى ئايرىم چاقىرتىپ ئۇچىسىدىكى جەندە كۆلانى شاھلىق كىيىمگە ۋاقىتلىق تېگىشىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ قەلەندەر سىياقىدا ياسىنىپ، راۋاب چېلىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئەمما، مىراجىخان يالغاندىن ھېچبىرىمۇ قويماپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ جاللاتقا قاراپ:

— جاللات، بۇ قەلەندەرنىڭ كاللىسىنى كەس، — دەپ بۇيرۇق قىپتىكەن، جاللات ئالدىراشچىلىقتا قەلەندەرنىڭ ۋارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماي، قەلەندەر سىياقىدىكى پادىشاھنىڭ كاللىسىنى ئۇقۇشماي كېسىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىپتۇ. بۇ ئىشلارنى مىراجىخان بىلەن ئېرىدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن خانلىقنى مۇۋاپىق بىر ۋەزىرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، داغدۇغا بىلەن ئۆز يۇرتى چاھارباغقا قايتىپ كېلىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يۇرتنىڭ نامى «خان چاھار بېغى» دەپ ئاتىلىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيەسىدىن نايىپ ئاخۇن)
(نەشرگە تەييارلىغۇچى: «يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى»دىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ئائىلىلەر توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر

توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ھەلىمىگۇل ئابلىز، شەمشىنۇر ئابباس

1. ئات ئاتىدىن، ئادەم ئانىدىن.
2. ئاتا ــ بىلەك،
ئانا ــ يۈرەك.
3. ئاتاڭ ــ ئاسمان،
ئاناڭ ــ يەر.
4. ئاتاڭدىن قالساڭمۇ، ئاناڭدىن قالما.
5. ئاتاڭ شوتا بولسا، ئاناڭ بالدىقى.
6. ئاتاڭنىڭ باغ ھويلىسى بىلەن قالغۇچە،
ئاناڭنىڭ پىلتە سېۋىتى بىلەن قال.
7. ئاتاڭنىڭ قېشىدا بولغۇچە،
ئاناڭنىڭ قېشىدا بول.
8. ئاتاڭنىڭ ئۆلگىنى تېغىڭنىڭ كۆچكىنى،
ئاناڭنىڭ ئۆلگىنى چىرىغىڭنىڭ ئۆچكىنى.
9. ئاتاڭ يامان بولسىمۇ،
ئاناڭ يامان بولمىسۇن.
10. ئاتام بار ــ ئالەم بار،
ئانام بار ــ ئايەم بار.
11. ئاتا مېھرى چىراق،
ئانا مېھرى بۇلاق.
12. ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى،
ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى.
13. ئاتقا بەرگۈسىز غۇنان بار،
قىزغا بەرگۈسىز جۇۋان (بار).
14. ئاتنىڭ سىرى ئىگىسىگە مەلۇم،
قىزنىڭ سىرى مەھەللىسىگە (مەلۇم).
15. ئاتنىڭ ئۇرۇۋسى يامان،
خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسى (يامان).
16. ئاتنىڭ ياخشىسى ئالا،
خوتۇننىڭ يامىنى بالا ـ قازا.
17. ئات ئورۇقلۇقتىن بۇزۇلار،
خوتۇن غېرىبلىقتىن (بۇزۇلار).
18. ئاتىغا قالغان ئورىغا قالغان،
ئانىغا قالغان ئۆۋەرگە (قالغان).
19. ئات ئېگىرى بىلەن،
جۇۋان كىيىمى بىلەن.
20. ئاتىلىق يېتىم، كۆل يېتىم،
ئانىلىق يېتىم، گۈل يېتىم.
21. ئاچ كۆز ئادەم ئاش تاللىماس،
قاغدالما قىز ياش تاللىماس.
22. ئاختامىلىقنىڭ چالمىسى يامان،
خوتۇن كىشىنىڭ لالمىسى (يامان).
23. ئاشناڭغا ئىشىنىپ ئەرسىز قالما.
24. ئاقنى كۆككە ئۆلىغان ئوڭلۇق خېنىم.
25. ئاقنى كۆككە يامىغان ئوڭلۇق خېنىم.
26. ئاكامنى تەلۋە قىلغان يەڭگەمنىڭ خىيالى.
27. ئاكامنىڭ دەرمەن،
يەڭگەم بەرسە يەرمەن.
28. ئالتە خوتۇن بىر ئۆيدە بولسا ئېشەك تېزىكى تۆردە بولار.
29. ئالتۇن ئايال كىشىنىڭ توققۇز خىل ئەيىبىنى ياپار.
30. ئالتۇنباش داداڭ بىلەن قالغۇچە،
پاخمىباش ئاناڭ بىلەن قال.
31. ئالتۇن زىرە قىزغا تىلەك.
32. ئالدىرىغان قىز ئەردىن يالچىماپتۇ.
33. ئانا ئايىغىدا جەننەت بار.

34. ئانا بىلەن ئۆي ئاۋات،
ئاتا بىلەن ئەل ئاۋات.
35. ئانا ــ تاغدەك پاناھ.
36. «ئانا»دىن ئۇلۇغ سۆز يوق.
37. ئانا رازى خۇدا رازى.
38. ئانا كۆرۈپ قىز ئال،
قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال.
39. ئاناڭ ئۆگەي بولسا،
ئاتاڭ ئۆز بولماس.
40. ئاناڭ ئۆگەي بولسا تويۇڭ بۇزۇلار،
ئاتاڭ ئۆگەي بولسا خويۇڭ بۇزۇلار.
41. ئانىسى بارنىڭ نېنى پۈتۈن،
مۇشۇكى بار ئۆينىڭ تاغىرى پۈتۈن.
42. ئانىسى چوڭ بولمىغۇچە قىزى چوڭ بولماس.
43. ئانىسى غورا يېسە، قىزنىڭ چىشى قاماپتۇ.
44. ئانىسىنى ئالتۇنغا ئال،
قىزىنى كېپەككە (ئال).
45. ئانىسىنى خارلىغان يارغا ئېسىلىپ ئۆلەر.
46. ئانىغا قالغان گۈل يېتىم،
ئاتىغا قالغان شوم يېتىم.
47. ئايال ــ ئەرنىڭ شەيتىنى.
48. ئايال خەقنىڭ يۇرتى يوق.
49. ئايال سورىغان شەھەر چۆل قاپتۇ.
50. ئايالسىز ئۆينىڭ تەمى يوق،
ئەرسىز ئۆينىڭ دەمى يوق.
51. ئايالغا ئەر كېرەك،
دېھقانغا يەر (كېرەك).
52. ئايال قىزغانسا بۆلاپ يېگۈلۈك،
ئەر قىزغانسا ئىتتىك قوپۇپ كەتكۈلۈك.
53. ئايال كىشىنىڭ قولى كۆسەي، چېچى سۈپۈرگە.
54. ئايال كىشىنىڭ قىلغۇسى كەلسە قىلنى بىلمەس،
ئەرگە تەگكۈسى كەلسە ئۇبدانىنى بىلمەس.
55. ئايال كىشى دۈنى قورقۇتار.
56. ئايال كىشى ئۈچۈن تۇللۇق دوزاخ ئازابىدىن يامان.
57. ئايال كىشىنىڭ دۇنياسى ساداقەتلىك ئەر كىشىدۇر.
58. ئايال كىشىنى ئۆچۈرۈپ كۆر،
ئۈستىرىنى كاپلاپ (كۆر).
59. ئايال كىشى ئۆچكە يېغى.
60. ئايال كىشى ئۆيدە ئاچ قالماپتۇ،
موزاي سامانلىقتا ئاچ قالماپتۇ.
61. ئايالنى قېرىتىدىغان تونۇر.
62. ئايالنىڭ قولىغا قالغان ئەر تاماقتا ئۆلەر،
ئەرنىڭ قولىغا قالغان ئايال تاياقتا ئۆلەر.
63. ئايالنىڭ قىلغىنى ئەرگە بولىدۇ،
ئەرنىڭ قىلغىنى يەرگە (بولىدۇ).
64. ئايالنىڭ كۆچى كۆز يېشىدا.
65. ئايالنىڭ ئوردىغا چىققىنى ــ ئىشنىڭ بۇزۇلغىنى.
66. ئايالنىڭ ئىپپىتى ــ ئەرنىڭ زىننىتى.
67. ئايالنىڭ يېشىنى بىلىش تەس،
ئەرنىڭ قېرىسىنى (بىلىش تەس).
68. ئايالىڭ ھۆرۈن بولسا ئاق ئۇندا يوبدان ئېتەر.
69. ئايال يەردىن چىقمىغان، ئۇمۇ ئەرنىڭ بالىسى،
ئەرمۇ كۆكتىن چۈشمىگەن، ئايال ئۇنىڭ ئانىسى.
70. ئاي يۈزلۈككە خال يارىشار،
قىز بالىغا ناز (يارىشار).
71. ئەتكەن ئېشىڭ شۇ بولسا،
ئىسسىتقان ئېشىڭ نېمە بولار.
72. ئەتىگەندە ئۆي سۈپۈرمىسە كەچكىچە پۇشمان،
ياشلىقىدا ئەرگە تەگمىسە ئۆلگۈچە پۇشمان.
73. ئەخلاقسىز خوتۇن تۇزسىز ئاش.
74. ئەخلاق ــ قىزنىڭ زىننىتى.
75. ئەدەپلىك ئوغلۇڭدىن ئەقىللىك قىزىڭ ياخشى.
76. ئەر ــ ئات،
خوتۇن ــ هارۋا.
77. ئەر ــ باش،
خوتۇن بويۇن.
78. ئەر ئالمىغان قىز ــ بۇزۇلغان گۆش.
79. ئەر تاللىغان قىز يەردە قالار.
80. ئەر چۈمۈلىدەك يىغار،
خوتۇن كىشى توخۇدەك چاچار.
81. ئەردىن چىققان ئەرگە ئامراق،
يەردىن چىققان يەرگە (ئامراق).
82. ئەر زىننىتىدە خوتۇن كۆكلەيدۇ،

ئەر يەكلىگەننى ئەلمۇ يەكلەيدۇ.
83. ئەرسەڭ ئەرگە تېگەلمەس،
ئالدىراڭغۇ ئۆيگە يېتەلمەس.
84. ئەرسىز ئايالنىڭ ھالىغا ۋاي.
85. ئەرسىز خوتۇن ـــ يۈگەنسىز بايتال.
86. ئەر غېرىب بولسا ناخشىچى بولار،
خوتۇن غېرىب بولسا يىغلاڭغۇ بولار.
87. ئەر قاقىر،
خوتۇن مەسقىر.
88. ئەر قەيەردە بولسا، خوتۇن شۇ يەردە.
89. ئەر قېرىسا پادىشاھقا ۋەزىر بولۇر،
قىز قېرىسا كۆلۈڭگە ھېزى بولۇر.
90. ئەر قېرىسا چۆنەكچى بولۇر،
ئايال قېرىسا مونەكچى بولۇر.
91. ئەر قېرىسا قويغىنىنى بىلمەس،
خوتۇن قېرىسا تويغىنىنى بىلمەس.
92. ئەر قېرىسا قىز ئالار،
قىز قېرىسا كىم ئالار.
93. ئەر قېرىسا كۆچىدىن قالار،
خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن قالار.
94. ئەر قېرىسا ئۆزىگە بىلىنەر،
خوتۇن قېرىسا ئۆزگىگە.
95. ئەر قىلسا بالىغا زىيان،
خوتۇن قىلسا ئۆيگە (زىيان).
96. ئەر قىلسا يەرگە،
خوتۇن قىلسا ئەرگە.
97. ئەر كۆڭلىسە ئۆي تۈزۈلەر،
خوتۇن كۆڭلىسە ئۆي بۇزۇلار.
98. ئەر كىشى بۇزار،
خوتۇن كىشى تۈزەر.
99. ئەر كىشى مۇز تاغ،
خوتۇن كىشى ئاپتاپ.
100. ئەرگە تەگكۈچە گۈزەل،
تويدىن كېيىن لايغەزەل.
101. ئەرگە تەگكۈسى كەلگەن قىزنىڭ كۆزى يوق.
102. ئەرگە تەگمىسىلا قىز دېمە،
ئەگرى بولمىسىلا تۈز دېمە.
103. ئەرگە قىلغان ئەرسىز قالار.
104. ئەرلەر پۇل تاپسا بۇزۇلىدۇ،
ئاياللار بۇزۇلسا پۇل تاپىدۇ.
105. ئەرلىك خوتۇن شورپىلىق ئاش،
تول خوتۇن تۇزسىز ئوماچ.
106. ئەرلىك خوتۇن مەززىلىك ئاش،
ئەرسىز خوتۇن تۇزلۇق ئوماچ.
107. ئەرلىك خوتۇننىڭ يۈزى تۈۋەن.
108. ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن،
ئەرنى يەر قىلغانمۇ خوتۇن.
109. ئەرنى باي قىلغانمۇ خوتۇن،
ئەرنى گاداي قىلغانمۇ خوتۇن.
110. ئەرنى تونۇتقان خوتۇن،
خوتۇننى تونۇتقان ئوتۇن.
111. ئەرنى خارلىماڭ، ئەر خارلىقى تارتىسىز،
يەرنى خارلىماڭ، يەر خارلىقى تارتىسىز.
112. ئەرنىڭ پەلكىتى ھېساباتچى،
خوتۇننىڭ پەلكىتى غەيۋەتچى.
113. ئەرنىڭ تۇغقىنى چويلا باش،
خوتۇننىڭ تۇغقىنى سېۋەت باش.
114. ئەرنىڭ جەددى تۆردە ئولتۇرۇپ ئاچ چىقىدۇ،
خوتۇننىڭ جەددى پەگادا ئولتۇرۇپ توق چىقىدۇ.
115. ئەرنىڭ غېمى ئەلدە،
خوتۇننىڭ غېمى ئۆيدە.
116. ئەرنىڭ قاپچىسى خانغا ياراق،
خوتۇننىڭ قاپچىسى ئەرگە ياراق.
117. ئەرنىڭ قېرىسى خوتۇنغا ئامراق،
خوتۇننىڭ قېرىسى ئوتۇنغا ئامراق.
118. ئەرنىڭ نامىنى خوتۇن چىقىرار،
خوتۇننىڭ نامىنى ئەر چىقىرار.
119. ئەرنىڭ نېنىنى يېيىشكە تۆمۈردىن چىش كېرەك.
120. كىچىكنىڭ داۋاسى تولا،
قىزنىڭ باھانىسى (تولا).
121. ئەرنىڭ ئېزىتقۇسى خوتۇن.
122. ئەرنىڭ ياخشىسى ئەل بىلەن كېڭەشەر،
خوتۇننىڭ ياخشىسى ئەر بىلەن كېڭەشەر.
123. ئەرنىڭ ياخشىسى ئۆي باقىدۇ،

خوتۇننىڭ ياخشىسى ئەر باقىدۇ.
124. ئەر — ئوت،
خوتۇن — سۇ.
125. ئەر ئولتۇرار يەر يوق،
قىز ئولتۇرار ئەر يوق.
126. ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدىن قورق،
خوتۇن كىشىنىڭ ئوغرىسىدىن (قورق).
127. ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
ئەسكى خوتۇن ئۆلگەندە (ياخشى).
128. ئەسكى خوتۇن ئەرگە جاپا،
كەلمەس ئۇنىڭدىن قىلچە ۋاپا.
129. ئەقلى - ھوشى جايىدا بولمىسا
گۈلدەك جۇۋان ئىتقا يالاق.
130. ئەقىللىك خوتۇن باشقا قارايدۇ،
ئەقىلسىز خوتۇن ئاياغقا (قارايدۇ).
131. ئەقىللىك خوتۇن بالىلىرىنى چاقماق قىلىدۇ،
پوچى خوتۇن ئېرىنى ئەخمەق قىلىدۇ.
132. ئەقىللىك خوتۇن خەزىنە.
133. ئەقىللىك خوتۇن ئۆي بۇزماس،
زېرەك كاسىپ ئىش بۇزماس.
134. ئەقىللىك ئىش بۇزمايدۇ،
ياخشى خوتۇن ئۆي بۇزمايدۇ.
135. ئەگىم بولسىمۇ يول ياخشى،
قارىغۇ بولسىمۇ قىز ياخشى.
136. ئەلگەك قاقتۇچىلىكىڭ بولسا ئەرگە تەگ.
137. ئەلنى باشلىق سورايدۇ،
باشلىقنى خوتۇن (سورايدۇ).
138. بالا بالا بولغۇچە، ئانىسى موما بولار.
139. بالا چوڭ بولمىغۇچە، ئانا چوڭ بولماس.
140. بالاغەتكە يەتكەن قىز ئەينەك ئالدىدىن كەتمەس.
141. بالاڭ ئۆلسە ئەرگە باق،
ئېرىڭ ئۆلسە يەرگە (باق).
142. بالا — لاي،
ئانا — كولال.
143. بالدۇر تەگكەن ئەر قارا كىگىز،
كېيىن تەگكەن ئەر ئاق كىگىز.
144. بالىسى كۆپ خوتۇنغا ئەت قونماس.
145. بالىسى ئۆلگەننىڭ باغرى كۆيەر،
خوتۇنى ئۆلگەننىڭ ئۆيى (كۆيەر).
146. باي بولاي دېسەڭ، توخۇ بىلەن ئورمان باق،
نامرات بولاي دېسەڭ، پەردازخور خوتۇن باق.
147. باي داداڭ بىلەن قالغۇچە،
چاقچى ئاناڭ بىلەن قال.
148. باينىڭ قىزى تازغا ئامراق.
149. باينىڭ قىزى چۆمۈچ تۇتسا، قولى قاپىرىپتۇ.
150. باينىڭ قىزىنى ئالماق تەس، باقماق ئاسان.
151. بەڭگى قېرىسا سوپى بولۇر،
سەتەڭ قېرىسا بۇۋى (بولۇر).
152. بولۇشمايدىغان خوتۇن يامانلاشقا ئامراق.
153. بويلۇق قىزنىڭ ئايغى يېنىك،
خويلۇق قىزنىڭ ئاغزى يېنىك.
154. بۇ خېنىمنىڭ سەت قىلىقى ئالتە ئېشەككە يۈك.
155. بۇ خېنىمنىڭ ئۈزلۈقى،
ئاپتاپتا قاپتۇ تۈزلۈقى.
156. بۆرە قېرىسا بىر قويلۇقى بار،
سەتەڭ قېرىسا قىز تويلۇقى بار.
157. بۆزنى بۇزغان شانىسى،
قىزنى بۇزغان ئانىسى.
158. بۆشۈكنى تەۋرەتكەن ئالەمنى تەۋرىتەر.
159. بۈركۈت سامادا، چاشقان كامادا، تول خوتۇن تامادا.
160. بىجىقىم خوتۇن چاي قايناتقۇچە،
چەبدەس خوتۇن ئاش پىشۇرار.
161. بىر قىز ئەرگە تەگسە،
قىرىق قىز چۈش كۆرەر.
162. بىر قىزى بار بەگزادە،
ئىككى قىزى بار خانزادە.
163. بىرگە تەگكەن ياخشى،
كۆپكە تەگكەن باخشى.
164. بىرگە تەگكەن ياخشى،
ئىككىگە تەگكەن پاخشى،
ئۈچكە تەگكەن باخشى.
165. بىر ئۆيدە ئىككى قىز،
بىرى جۇۋالدۇرۇز، بىرى بىگىز.
166. بىشەم خوتۇن بەش كۈنلۈك،

بىزەڭ يولداش بىر كۆڭلۈك.
167. بىشەم خوتۇندىن ئالۋاستى قورقار.
168. بىشەم خوتۇنغا ئەر چىقماس،
چىپىلغاق ئەرگە خوتۇن (چىقماس).
169. بىشەم خوتۇننىڭ ئېرى ھۆرمەتسىز بولۇر.
170. بىشەم خوتۇن ئىتتى بىلەن تەڭ قاۋار.
171. پارچە ئوتۇن ئوتۇن بولماس،
ئاغىچا خوتۇن خوتۇن بولماس.
172. پاشىنىڭ قوڭى يوق،
مەزلۇم كىشىنىڭ ئوڭى (يوق).
173. پاقا قېرىسا قەبرە باقار،
ئايال قېرىسا نەۋرە باقار.
174. پاقىنىڭ كېرىلگىنى يىلانغا ئوخشىماس،
موماينىڭ ياسانغىنى جوۋانغا ئوخشىماس.
175. پۇلى بار قىز ئالغۇچە،
شودى بار جوۋان ئال.
176. پېشكەل ئادەم بالاغا يېقىن،
يامان خوتۇن تالاغا (يېقىن).
177. پىرىڭ بولغان ئېرىڭ بولۇر.
178. تاز دېمەي تېگىۋال،
ماز دېمەي كېيىۋال.
179. تاز قىزغا ئەر تاپماق ـــ قىدام كەكگە ساپ تاپماق.
180. تاشنىڭ ئېغىرى سايدا قالۇر،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئەردە قالۇر.
181. تاشنىڭ ئېغىرى سايدا،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆيدە.
182. تاشنىڭ ئېغىرى يەرگە يۈك،
خوتۇننىڭ ھۆرۈنى ئەرگە يۈك.
183. تالالىقى بار، ئۆي ئىچىلىكى يوق.
184. تاماقنىڭ تېز پىششى ئوتۇندا،
ئۆينىڭ بەرىكىتى خوتۇندا.
185. تەرسا خوتۇننىڭ تەرلىگىنىدىن،
ھۆرۈن خوتۇننىڭ بەرگىنى ياخشى.
186. تورۇسنىڭ ئېغىرىنى تام كۆتۈرەر،
ئۆينىڭ ئېغىرىنى ئايال (كۆتۈرەر).
187. تولا ۋىچىرلىغان قوش ئۇۋا تۇتالماس.
188. تونۇر قىزىق نان ياخشى،
خوتۇن قىزىق ئەر ياخشى.
189. تۆرۈپ ئالسام چامغۇر چىقتى،
قىز ئالسام جوۋان (چىقتى).
190. تۇغماس خوتۇن ئايىماس.
191. تۇغماس خوتۇننىڭ ئۆيى يوق.
192. تۇغماس خوتۇننىڭ ئىچى تار.
193. تۇغقۇت ئازابىنى ئانا بىلەر.
194. تۇغقۇت دېمەك، جەڭ دېمەكتۇر.
195. تۇل بولساڭمۇ قۇل بولما.
196. تۇل خوتۇن باي كېلەر.
197. تۇل خوتۇن گەپكە يېقىن،
ئاچ كۆز نەپكە (يېقىن).
198. تۇل خوتۇننى ئىش باسار،
خوتۇنسىز ئەرنى پىت باسار.
199. تۇلنىڭ ئۆيى گۇل پۇرايدۇ،
بويتاقنىڭ ئۆيى كۇل پۇرايدۇ.
200. تۆت خوتۇن ئۆيدە، ئىشتىنى تۆردە.
201. تۈگمەنگە ئۆگۈت كەلگىنى ياخشى،
قىزغىمۇ ئەر كەلگىنى ياخشى.
202. تۈگمەننى تۈگمەن قىلغان ئاسقۇ تېشى،
ئەرنى ئەر قىلغان مەزلۇم كىشى.
203. تېرەك تەڭگە بولغاندا، خوتۇنلار بەڭگى بولۇر.
204. تېرىنىڭ ئەسكىسى يارغاق،
خوتۇننىڭ ئەسكىسى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاق.
205. تېمىڭ بولسا يۆلەنگۈدەك،
ئېرىڭ بولسا سۆيۈنگۈدەك.
206. تىرناقچە ياخشى ئىش قىلسا ئەر،
ياخشى ئايال ئۇنى كۆپكە دەر.
207. تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى ياخشى خوتۇن بىلەن.
208. جامالىڭغا باقمايمەن،
ئۆي تۇتۇشۇڭغا باقىمەن.
209. جان ئوت، جان ئەر.
210. جاۋابخور خوتۇننىڭ ئوتتۇر چىشى بالدۇر چۈشەر.
211. جوۋان بىلگەننى قىز بىلمەس.
212. جوۋان خوتۇننىڭ ھىممىتى تېگەر ئەلگە،

ياغدا ئەتكەن كۆمەچلىرى قۇۋۇت بېرەر ئەلگە.

213. جېنىم بالام ئۈز،
ئەتكەن ئېشى تۈز.

214. چاچسىز ئايال بولماس،
ساقالسىز ئەر (بولماس).

215. چاققان جوۋاننى بۇشۇك ئاستىدا سىنا.

216. چامغۇر ـ زەردەك يەر ياراتماس،
ئەسكى خوتۇن ئەر ياراتماس.

217. چوقۇر خوتۇننىڭ مېھرى ئىسسىق.

218. چۈجە باققان مېكىياننىڭ مەيدىسىدە تۈكى يوق.

219. چۈجىسى بار توخۇ ئۈچالماس.

220. چۈجىسى كۆپ توخۇغا دان تەگمەس.

221. چېچەن خوتۇننى ئوچاق بېشىدا سىنا.

222. چىراغنىڭ ھۆرمىتى يورۇقى،
قىزنىڭ ھۆرمىتى خۇلۇقى.

223. چىراغنىڭ ھۆرمىتى يورۇقى بىلەن،
قىزنىڭ ھۆرمىتى قىلىقى بىلەن.

224. چىراي دېگەن قىز بالىنىڭ دۈشمىنى.

225. چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ.

226. چىرايلىق خوتۇن ئەر يارىشىقى،
ئاقىل خوتۇن ئەل يارىشىقى.

227. چىرايلىق قىزىم بولغۇچە،
ئەقىللىك قىزىم بول.

228. چىرايلىقنىڭ نازى دۇنىنى پىلىك قىلالايدۇ.

229. چىشقاق بالىنىڭ كەينىدىن چىۋىن ئەگىشەر،
ھىجايغاق قىزنىڭ كەينىدىن يىگىت ئەگىشەر.

230. چىرايى سەتتىن قىلىقى سەت يامان.

231. خوتۇننىڭ سۆلتى چاچ بىلەن قاشى،
ھايۋاننىڭ سۆلتى قۇيرۇقى بىلەن قۇلاقى.

232. خان خانغا يىغلار،
خان كېلىپ خوتۇنغا يىغلار.

233. خان يارلىقىدىن خوتۇن يارلىقى يامان.

234. خوتۇن ئالساڭ دىتلىقىنى ئال، توكۇر بولسىمۇ.

235. خوتۇن ئالمىغان ئەر — ماكانسىز ئىت،
ئەرگە تەگمىگەن خوتۇن — ماكانسىز پىت.

236. خوتۇن ئەركە بولسا،
ئېرىگە تېكە بولار.

237. خوتۇن بوزۇق، ئەرگە بالا،
ئەر بوزۇق، بالىغا بالا.

238. خوتۇن تەرەپنىڭ كەلگەندە گاژ ـ گوژ،
ئەر تەرەپنىڭ كەلگەندە غاژ ـ غوژ.

239. خوتۇن تۈل بولسا ئەر تاپار،
ئەر تۈل بولسا مال تاپار.

240. خوتۇن جاۋاب قىلمىسا، ئەر تاياق سالماس.

241. خوتۇندەك ئەر بار،
ئەردەك خوتۇن بار.

242. خوتۇن خەقنىڭ نازى بار،
نازى كەينىدە ئازى بار.

243. خوتۇن خەقنىڭ نالىسى تولا،
ئىش ئۇقماسنىڭ بانىسى (تولا).

244. خوتۇنسىز ئۆي جانسىز تەن.

245. خوتۇنسىز ئۆيدىن بوران چىقار.

246. خوتۇن غار بولسا، ئەر خار بولۇر.

247. خوتۇنغا ئىشەنمە،
قومۇشقا يۆلەنمە.

248. گۇل ئۆسسە يەرنىڭ كۆركى،
قىز ئۆسسە ئۆينىڭ كۆركى.

249. خوتۇن قانىتى ئەر،
ئەر قانىتى يەر.

250. خوتۇن قىلسا ئەرگە يانار،
ئەر قىلسا بالىغا (يانار).

251. كۆرۈك ئوتۇننىڭ ئۈچىنى ئال،
تۇغماس خوتۇننىڭ كۈچىنى (ئال).

252. خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى،
ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى.

253. خوتۇن كىشى — پىششىق ئاش.

254. خوتۇن كىشى پېشكەل،
ئەرنىڭ پۇتىغا ئىشكەل.

255. خوتۇن كىشى تۈل بولسا،
بۇخارادىن ئىتلار كېلىپ بېشىغا چىقىپتۇ.

256. خوتۇن كىشى تۆت تامنىڭ قۇلى.

257. خوتۇن كىشى تېگى يات،

ئىش ئۆتكەندە نېرى يات.
258. خوتۇن كىشى تىلى بىلەن تۇل قالار.
260. خوتۇن كىشى مۇھەببەتنى كۆڭلىدە قىرىق يىل ساقلار.
260. خوتۇن كىشىنىڭ ئەسكىسى — قانجۇق ئىتنىڭ كاسكىسى.
261. خوتۇن كىشىنىڭ پاكىزلىقىنى ئېرىنىڭ ياقىسىدىن كۆر.
262. خوتۇن كىشىنىڭ جېنى قىرىق بىر.
263. خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا.
264. خوتۇن كىشىنىڭ كىيىمى پۈتمەس،
هارۋىنىڭ جابدۇقى (پۈتمەس).
265. خوتۇن كىشىنىڭ موللىسى — بايتال ئاتنىڭ يورغىسى.
266. خوتۇن كىشىنىڭ هىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك.
267. خوتۇن كىشىنىڭ ئىچىگە بالا پاتىدۇ، گەپ پاتمايدۇ.
268. خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى يالغان سۆزلەر، كۆزى راست سۆزلەر.
269. خوتۇن كىشى ئوۋغا يارىماس،
جىگدە ياغىچى نوغا (يارىماس).
270. خوتۇن كىشى ئۆي چىرىغى،
قىز بالا ئۆينىڭ زىننىتى.
271. خوتۇنلۇق گۈلدۈر،
خوتۇنسىز كۆلدۈر.
272. خوتۇننى زېرىكتۈرەي دېسەڭ هۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر.
273. خوتۇننىڭ ئەسكىسى ئەر باقماس،
هۇرۇن دېهقان ئۆي باقماس.
274. خوتۇننىڭ ئەقلىنى تۇل قالغاندا كۆر،
بالىنىڭ ئەقلىنى يېتىم قالغاندا (كۆر).
275. خوتۇننىڭ پۇلى — پەنجىرە.
276. خوتۇننىڭ تاپقىنى ئىشىك بېشىغا ئېسىقلىق،
ئەرنىڭ تاپقىنى بوسۇغا تۈۋىگە تاشلاقلىق.
277. مېلى يوق دەپ ئەردىن قاچما،
چۆپى يوق دەپ يەردىن (قاچما).
278. خوتۇننىڭ تۇغقىنى كەلسە كۈندە گۈرۈچ،
ئەرنىڭ تۇغقىنى كەلسە كۈندە ئۇرۇش.
279. قىشنىڭ راھىتى ئوتۇن،
ئەرنىڭ راھىتى خوتۇن.
280. خوتۇننىڭ تىلى تالغۇچە،
ئەرنىڭ بېلى تالار.
281. خوتۇننىڭ پىكرى شەيتانغا دەرس.
282. خوتۇننىڭ دۈشمەنلىكى مىڭ دۈشمەندىن يامان.
283. خوتۇننىڭ قېشىغا قارىغۇچە،
تاۋۇقنىڭ تېشىغا قارا.
284. خوتۇننىڭ گېلى غار بولسا،
ئەرنىڭ كۈنى خار بولار.
285. خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئېرىنى باقار،
دېهقاننىڭ ئوبدىنى يېرىنى باقار.
286. قىزنىڭ ياخشىسى كېلىن بولغاندا بىلىنەر.
287. خوتۇن ئۇرۇشقاق بولسا،
ئائىلىنىڭ تىنچلىقى بىلىنمەس.
288. خوتۇنۇڭ بار، ئۆيۈڭ گۈل،
خوتۇنۇڭ يوق، ئۆيۈڭ كۆل.
289. قېيىنئانىنىڭ نېنىنى يېيىش ئۈچۈن تۆمۈردىن چىش كېرەك.
290. خوتۇنۇڭنى خوش قىلاي دېسەڭ لاپ ئۇر،
ساراڭنى خوش قىلاي دېسەڭ داپ ئۇر.
291. خوتۇنۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ،
قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشقاندا كۆر.
292. مېلىڭ يېيىشلىك بولسا خۇدانىڭ بەرگىنى،
خوتۇنۇڭ يېيىشلىك بولسا خۇدانىڭ ئۇرغىنى.
293. خوتۇن — ئىككى بىسلىق پىچاق.
294. خوتۇن يامان بولسا، ئەرنى باشلار،
ئەر يامان بولسا، خوتۇننى (باشلار).
295. خۇيى يامان قىز ئۆي تۇتالمايدۇ.
296. لىڭشىغان ئوتۇندىن قورق،
غىڭشىغان خوتۇندىن (قورق).
297. خېنىم كىيگەنگە خوش،
يىگىت سۆيگەنگە (خوش).
298. خېنىمنىڭ قېشىغا باقماي، ئەتكەن ئېشىغا باق.
299. خېنىمنىڭ كۈلگىنى — كۆڭلۈمنى بىلگىنى.
300. خېنىمنىڭ قېشىغا باقماي، تاۋۇقنىڭ

تېشىغا باق.

301. دادام بولمىسا موردىن تۈتۈن چىقماس،
ئانام بولمىسا قازاندىن ئاش چىقماس.

302. دادىنىڭ تاپقىنىدا ئانا باقىدۇ،
«ۋاي بالام» دەپ كۆكرەك ياقىدۇ.

303. داڭلىغان قىز تويدا چىچىپتۇ.

304. دوكىنى كۆر ئوڭشايدۇ،
گومۇش ئەرنى خوتۇن (ئوڭشايدۇ).

305. دېڭىزنىڭ ئېلىقى توگىمەس،
خوتۇن كىشىنىڭ سېلىقى (توگىمەس).

306. دېھقانغا يەر كېرەك،
تۇل خوتۇنغا ئەر (كېرەك).

307. دېھقاننىڭ ئوبدىنى تېرىيدۇ بۇغداي بىلەن پاختا،
خوتۇننىڭ ئوبدىنى ئېتىدۇ سۇپرا بىلەن تاختا.

308. دىتسىز ئايالنىڭ پەمى يوق،
ئەتكەن ئېشىنىڭ تەمى يوق.

309. زېرەك ئايال قىشتا ئوت، يازدا مۇز ساقلار.

310. ساددا قىز كۆڭۈل بەرمەس،
كۆڭۈل بەرسە ئاسان ئۈزمەس.

311. سارىخان ئاچام ئۆيدە،
ئەخلەت ـ كۆلى تۆردە.

312. سامان ئوتۇن بولماس،
جالاپ خوتۇن بولماس.

313. سەت چوكاننى ئۆز قىلغان پەردىزى.

314. سەت خوتۇن ئايدىڭدا ئاي كۆرۈنەر،
چىراغ تۈۋىدە قىز كۆرۈنەر.

315. سەتنىڭ هالى، چىرايلىقنىڭ دەردى.

316. سەھەر تۇرۇپ ئۆي سۇپۇرمىسە، كەچكىچە پۇشايمان،
قىز تەگكەن ئېرى بىلەن بولۇشمىسا ئۆلگۈچە
پۇشايمان.

317. سوقۇر بولسىمۇ توز چىرايلىق،
چوقۇر بولسىمۇ قىز چىرايلىق.

318. سۇدا ئۆردەكنىڭ ئىزى يوق،
ئەرگە تەگكۈسى كەلگەن قىزنىڭ كۆزى يوق.

319. سۇغا چىققان خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار.

320. سۇنى توغرا يولغا سالغان ئىزى،
ئاننى ياخشى كۆرسەتكەن قىزى.

321. سۆلەتمەن يىگىتتىن قورق،
سۆرەلمە قىزدىن (قورق).

322. سېمىز كالا قاساپقا يارار،
بېشەم خوتۇن بېشىنى يارار.

323. سىم ـ سىم يامغۇر هۆل قىلۇر،
قىسىر خوتۇن گول قىلۇر.

324. سىيىر سىياق ئۆكۈزدە قۇۋۋەت يوق،
ئەر سىياق خوتۇندا ئۇيات يوق.

325. شامىنىڭ كۆركى شامدان بىلەن،
ئايالنىڭ كۆركى تائام بىلەن.

326. ناز قىزغا يارىشار،
غاز كۆلگە (يارىشار).

327. مېۋىلىك دەرەخنىڭ شېخى تۆۋەن،
ديانەتلىك قىزنىڭ يۈزى تۆۋەن.

328. كېلىن بولساڭ سىلىق بول،
قېيىنئاناڭغا ئىللىق بول.

329. قاچقان قىزنىڭ زىننىتى يوق،
قاچمىغان قىزنىڭ مىننىتى (يوق).

330. قارىغۇنى هاسىدىن ئايرىمىسۇن،
قىزنى ئانىسىدىن (ئايرىمىسۇن).

331. قازاخۇنۇم ئوقەت كويىدا،
قوشناچىم پەرداز (كويىدا).

332. قازاننى قايناتقان ئوچاقتىكى ئوتۇن،
ئەرنى ئەر قىلغان قۇچاقتىكى خوتۇن.

333. قاشاڭ قىز خوتۇن بولماس،
پاسار ـ پوستەك ئوتۇن (بولماس).

334. قاغا جىگدىنىڭ مېۋىسى تولا،
هۇرۇن خوتۇننىڭ هىيلىسى تولا.

335. قايىنماس قازاننىڭ بانىسى تولا،
ئۆي تۇتماس ئايالنىڭ جېدىلى تولا.

336. قولى گۆل ئېتىدۇ غىزا،
قولى گال تارتىدۇ ئىزا.

337. قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت كېتىدۇ،
بۇزۇق خوتۇنغا سوت كېتىدۇ.

338. قۇرۇق ئوتۇن ــ ئىلدام خوتۇن،
هۆل ئوتۇن ــ گالۋاڭ خوتۇن.

339. قۇشقاچ قېرىسا جاڭگالچى بولار،

جۇۋان قېرىسا جاڭجالچى (بولار).

340. قوشقاچ قېرىسا جاڭگالچى بولار،
جۇۋان قېرىسا يالغانچى (بولار).

341. كۆرمىگەننىڭ كوچىسى تولا،
مەينەت خوتۇننىڭ بوغچىسى (تولا).

342. قويرۇقى ئۇزۇن ئۇششۇمەس،
خوتۇنى ئوبدان شۇمشەيمەس.

343. قېرى خوتۇن ياش بولدى،
چوكانلارغا تەس بولدى.

344. قېرىغاندا ياشلىق ياراشماس،
ئۇپا ـ ئەڭلىك، قاشلىق ياراشماس.

345. قېرى قىزغا ئانىسى ئەلچى بولۇر.

346. قېرىنداشتىن قارىنىم ياخشى،
ئاتا ـ ئانامدىن ئېرىم ياخشى.

347. قىز بار ئۆيدە قىل ياتماس.

348. قىز بار ئۆي ـ گۈلى بار باغ.

349. قىز بالا — تۆگە گۆشى.

350. قېيىنئانىنىڭ نېنىنى يېيىش ئۈچۈن قولىقىڭنى گاس، كۆزۈڭنى كور قىل.

351. قىز بالا — خام گۆش.

352. قىز بالا خەقنىڭ بالىسى.

353. قىز بالا دېگەن ئۆچكە يېغى.

354. قىز بالا — سالغا تېشى،
نەگە چۈشۈشىنى بىلمەس كىشى.

355. قىز بالا ئوسمىغا ئامراق،
بوۋاق پوسمىغا (ئامراق).

356. قىز بالا — ئۆينىڭ گۈلى.

357. كۆمۈرگە بەرگۈسىز ئوتۇن بار،
قىزغا بەرگۈسىز خوتۇن بار.

358. قىز بالىنى ئاشىقىغا بەر،
بولمىسا قىلىدۇ يەر.

359. قىز بالىنىڭ چېچىنى كەسكىنى — بەختىنى كەسكىنى.

360. قىز بالىنىڭ كۆڭلى نازۇك.

361. قىز بالىنىڭ يىغلىغىنى — نازلىغىنى.

362. قىز بىرلە كورەشمە،

363. كېلىنىڭگە نېمىنى قىلساڭ،
قىزىڭدىن شۇنى كۆرەرسەن.

364. قىز تارتىنچاق كېلەر،
يىگىت غەم يېمەس (كېلەر).

365. قىزدا گۇناھ يوق، ئانىسى بۇزۇق،
چاقتا گۇناھ يوق، تانىسى بۇزۇق.

366. قىز دېگەن قىزىل قوماچ.

367. قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار،
ئاتتىن ئارتۇق غۇنان بار.

368. قىز ساقلىغۇچە تۇز ساقلا.

369. قىز قېرىسا نازى بولار،
قېرىغىمۇ رازى بولار.

370. قىزلارنىڭ دوستلۇقى ياتلىق بولغۇچە.

371. قىزلىق ئۆيگە خىزىر ئامراق.

372. قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار.

373. قىزنى ئانىسى ساقلىسۇن،
ئوغۇلنى ئاتىسى (ساقلىسۇن).

374. قىزنىڭ تويى قىرىق كۈن.

375. قىزنىڭ جېنى قىرىق.

376. قىزنىڭ چېچى قىرىق.

377. قىزنىڭ سۆيگۈسى قىرىق يىل.

378. قىزنىڭ كۆزى ئالماس،
يول ماڭسا پىيادە قالماس.

379. قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا.

380. قىزنىڭ مەيلى بولسا يىرتىق چاپانلىق گۇل كۆرۈنەر.

381. كىچىك بالىنىڭ بانىسى لەگلەك،
خوتۇن كىشىنىڭ بانىسى ئەگلەك.

382. قىز ۋاقتىم، سۇلتان ۋاقتىم،
خوتۇن ۋاقتىم، شەيتان ۋاقتىم.

383. لەڭۋا خوتۇن ئەردىن يامانلار،
هورۇن دېھقان يەردىن (يامانلار).

384. ماڭا كۆيگۈچە بالاڭغا كۆي،
مېنى سۆيگۈچە ئېرىڭنى سۆي.

(توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزىم فاكۇلتېتىدا)



«مىڭ بىر كېچە»گە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم




# 源 泉 (布拉克)

# بۇلاق

( 维吾尔文 ) 总167期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 167-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：穆合塔尔・马木提　副主编：买买提吐尔地

باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市鑫五方包装彩印有限公司
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى ئالتۇن كۆزنەك رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118　邮政编码：830001
邮政代码：58-108　定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043